چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى

ژيۇل ۋېرن [فرانسىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇبارەك غاپپار

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: روشەنگۈل تۇرسۇن

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 7-80658-930-9

9 787806 589304 >

ISBN 7 - 80658 - 930 - 9

باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى

ژيۇل ۋېرن [فرانسىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: زۆھرە بارات

**图书在版编目(CIP)数据**

格兰特船长的儿女/(法)凡尔纳(Verne, J. )著;袁英改编;祖合拉·巴拉提译.—乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社,2006.5

ISBN 7 - 80658 - 930 - 9

Ⅰ.格... Ⅱ.①凡... ②袁... ③祖... Ⅲ.科学幻想小说—法国—近代—缩写本—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I565.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 037204 号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# كاپىتان گرانتىنىڭ پەرزەنتلىرى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەتچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
فورماتى: 787 × 970 mm 1/ 32؛ باسما تاۋىقى: 6.5
ISBN7 - 80658 - 930 - 9
باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社2000年12月第1版第1次印刷版本翻译出版。

**责任编辑:** 穆巴拉克·阿帕尔

**美术编辑:** 阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

**责任校对:** 茹鲜古丽·吐尔逊
艾比布拉·艾力

**审　　订:** 亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

# 格兰特船长的儿女　(维文)

祖合拉·巴拉提　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006年5月第1版　2006年5月第1次印刷
开本: 787×970毫米　1/32　印张:6.5
ISBN7-80658-930-9

定价: 7.50元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话:0991-4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ژيۇل ۋېرن (1828—1905) فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق ئىلمىي فانتازىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە رومانى يازغۇچىسى. ئۇ فرانسىيىنىڭ نانت شەھىرىدە سودىيە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 19 يېشىدا پارىژغا كېلىپ قانۇن ئوقۇغان، ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ سودىيە بولۇشنى خالىماي، تىياتىر ئۆمەكلىرىگە سەھنە ئەسەرلىرى يېزىپ بەرگەن.

ژيۇل ۋېرننىڭ 66 پارچە رومانى ۋە سەھنە ئەسىرى، شۇنىڭدەك ئالتە توملۇق «ئۇلۇغ ساياھەتچى ۋە ئۇلۇغ ساياھەت تارىخى» دېگەن ئەسىرى بار. ئۇنىڭ تېمىسى «مەلۇم بولغان ۋە مەلۇم بولمىغان دۇنيادىكى ئاجايىپ ساياھەت» دېگەن بىر يۈرۈش ئىلمىي فانتازىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە رومانلىرى ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ، يەر شارىدىن تارتىپ ئالەم بوشلۇقىغىچە، گېئولوگىيە، جۇغراپىيىدىن تارتىپ دېڭىز قاتنىشى ھەم ئالەم قاتنىشىغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەشھۇر تىرىلوگىيە «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» (1868 ـ يىلى)، «دېڭىز ئاستىدىكى 20 مىڭ مىللىق سەپەر» (1870 ـ يىلى) ۋە «سىرلىق ئارال»

(1875 ـ يىلى) ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. «يەر شارىنى 80 كۈندە ئايلىنىپ چىقىش» (1873 ـ يىلى) كىتابخانىلار ئەڭ قارشى ئالغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. بۇلاردىن باشقا، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن يەنە «ھاۋا شارىدىكى بەش ھەپتە» (1863 ـ يىلى)، «يەر مەركىزىگە ساياھەت» (1864 ـ يىلى)، «يەر شارىدىن ئاي شارىغىچە» (1865 ـ يىلى)، «ئاي شارىغا ساياھەت» (1870 ـ يىلى)، «ماشىنا ئارال» (1895 ـ يىلى) قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي فانتازىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە رومانلىرى بار.

ژيۇل ۋېرن «ئىلمىي فانتازىيە ھېكايىچىلىقىنىڭ پېشۋاسى» دەپ تەرىپلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە 19 ـ ئەسىر «ماشىنا دەۋرى» دىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىرادىسى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئوبرازلىق ۋە مۇبالىغە قىلىنغان ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەمدە غەرب ۋە ياپونىيىنىڭ ھازىرقى زامان ئىلمىي فانتازىيە ھېكايىچىلىقى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىلگەن. ئېلىمىزنىڭ ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا ۋە تەسىرىگە ئۇچرىغان. ژيۇل ۋېرنىنىڭ ئەسەرلىرى رېئاللىق بىلەن خىيالنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بەزىبىر زور ئىجتىمائىي تارىخىي

ۋەقەلەرنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە قۇللۇق تۇ- زۇمىگە قارشى ئىلغار ئىدىيىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئىلىم- پەن بىلىملىرى ئاساسىدىكى گەلگۈسى توغرى- سىدا قىلغان دادىل قىياسلىرى ۋە كۆپلىگەن ئىلمىي پەرەزلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن توغرا ئىكەنلىكى كېيىنكى چاغلاردىكى ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى.

ژيۇل ۋېرنىنىڭ رومانلىرىنىڭ تىلى راۋان، ۋەقەلىكى ئاجايىپ، پېرسوناژلىرى جانلىق بولۇپ، كىشىنى بەكلا جەلپ قىلىدۇ، ئۇنىڭدا بىلىم كەڭلىكى، قىزىقارلىقلىقى ۋە ئىجادچانلىقى بىرلىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تەبىئىي پەن جەھەتتىكى كۆپلىگەن بېشارەت ۋە قىياسلار ھېلىمۇ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نەچچە ئون خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقىلىپ، سانسىزلىغان ئو- قۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

1864 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ھەشەمەتلىك بىر ساياھەت كېمىسى شىمالىي دېڭىز بوغۇزىدا دولقۇن يېرىپ تېز ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. كېمىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ماچتىدا ئەنگلىيە بايرىقى لەپىلدەيتتى. يېڭىدىن ياسالغان «دونكان» ناملىق بۇ ساياھەت كېمىسى سىر ئېدۋارد گىلېنارۋاننىڭ شەخسىي مۈلكى ئىدى.

كېمىدە سىر گىلېنارۋان ۋە ئۇنىڭ ياش خانىمى ئېلىن ھەمدە ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى مايور ماك نابىس بار ئىدى.

ئۇپۇقتا ئالانىر ئارىلى غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، كۆزىتىش ئورنىدىكى ماتروس بىر ئاكۇلانىڭ «دونكان» غا چىقىۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ماتروسلار ئاكۇلانىڭ قورسىقىنى يېرىپ، ئىچىدىن بىر بوتۇلكىنى ئالدى، بوتۇلكىنىڭ ئىچىدىن ئۈچ خىل تىلدا يېزىلغان بىر ھۆججەت چىقتى. بۇ ھۆججەت ئۇزۇن ۋاقىت سۇ ئىچىدە تۇرغاچقا، خەتلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆچۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار جۈملىلىرى پەقەتلا بىر ـ بىرىگە باغلاشمايدىغان سۆزلەرنى قۇراشتۇرۇپ، خەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن: 1862 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گىلاسگوۋ پورتىدىن سەپەرگە چىققان ئۈچ ماچتىلىق «بىرىتانىيە» ناملىق كېمىنىڭ ھالاكەتكە

ئۇچرىغانلىقى، كاپىتان بىلەن ئىككى ماتروسنىڭ بۇ هۆججەتنى 37° 11′ كەڭلىكتە دېڭىزغا تاشلىغانلىقى، ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ تېزدىن كېلىپ قۇتقۇزۇشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلدى.

كەچقۇرۇن سائەت ئالتىدە، «دونكان» دومبارتوندىكى بازالىت قىياسى يېنىدا توختىدى.

سىر گىلىنارۋان تېزدىن تېلېگراما يوللاپ، تۆۋەندىكى ئېلاننى «تايمىس» ۋە «سەھەر» گېزىتلىرىگە يەتكۈزدى:

«گلاسگوۋ پورتىدىن يولغا چىققان ئۈچ ماچتىلىق كېمە «برىتانىيە» ۋە كاپىتان گرانتنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئۇقماقچى بولغانلار سىر گىلىنارۋان بىلەن ئالاقىلىشىڭلار. ئادرېسىم: شوتلاندىيە دومبارتون گرافلىقى، لىيوسىس، مالكولىم ـ كېستىل قورۇقى.

مالكولىم ـ كېستىل شوتلاندىيىنىڭ تاغلىق، ئەڭ كاتتا قەسىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ لىيوسىس قىشلاقىغا يېقىن بولۇپ، گۈزەل مەنزىرىلىك ۋادىنىڭ ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

سىر گىلىنارۋان تولىمۇ دۆلەتمەن ئادەم ئىدى. ئۇ ئادەتتە ئىنتايىن خۇشخۇي بولۇپ، كىشىلەرگە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

ئېدۋارد گىلىنارۋان 32 ياشتا ئىدى. ئۇ بەستلىك، كېلىشكەن ئادەم بولۇپ، چىرايىدىن كەسكىنلىك

چىقىپ تۇرغىنى بىلەن ئىنتايىن مۇلايىم كۆرۈنەتتى. سىر گىلىپنارۋاننىڭ ئۆيلەنگىنىگە تېخى ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولغان بولۇپ، ئۇ مەشھۇر سەيياھ ۋىلىيام تۇففىنېلنىڭ قىزى ئېلىن تۇففىنېلىن خېنىمغا ئۆيلەنگەنىدى.

سىر گىلىپنارۋان ئايالىنىڭ ئۇلۇغ سەيياھنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، «دونكان» ناملىق كېمىنى شۇنىڭغا ئاتاپ ياساتقانىدى. مەقسىتى ئايالىنى ئېلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىش ئىدى.

ئەپسۇس، ئەمدى گىلىپنارۋان ھالاكەتكە ئۇچرىغان دېڭىزچىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن لوندونغا كەتكەنىدى.

شۇ كۈنى ئېلىن خانىم ئۆز ھۇجرىسىدا ئولتۇراتتى، قورۇقنىڭ غوجدارى ھېلبېرت كىرىپ:

— جانابى گىلىپنارۋاننى ئىزدەپ كەلگەن بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇل بالىنى قوبۇل قىلامسىزكىن! — دەپ سورىدى. ئۇلار ئەسلىدە ھالاكەتكە ئۇچرىغان كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى.

ھەدىسى مېرى گرانت خېنىم 16 ياشتا، ئىنىسى روبېرت 12 ياشتا ئىدى.

كاپىتان گاررى گرانتنىڭ مېرى بىلەن روبېرتتىن باشقا بالىسى يوق ئىدى. خوتۇنى روبېرتنى تۇغۇش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۇزاق دېڭىز سەپىرىگە چىققاندا، بالىلىرىنى مېھرىبان

ھامىنىسىغا تاپشۇرۇپ قويىاتتى. كاپىتان گرانت جەسۇر دېڭىزچى ئىدى. ئۇ دەسلەپ ياردەمچى كاپىتان، كېيىن كاپىتان بولدى. سەپىرى دائىم ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى. روبېرت تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇ خېلى نۇرغۇن مەبلەغنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانىدى. شۇ چاغدا كاپىتاننىڭ كاللىسىدا ۋەتەنداشلىرىغا بىر تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، تىنچ ئوكيانىدىكى ئاراللارنىڭ بىرسىدە شوتلاندىيىنىڭ چوڭ مۇستەملىكىسىنى قۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار پىلان پەيدا بولدى. ئۇ بارلىق بىساتىنى سەرپ قىلىپ «برىتانىيە» ناملىق كېمىنى ياسىتىپ، ئۇنىڭغا كۆزگە كۆرۈنگەن ماتروسلارنى ئورۇنلاشتۇردى. باللىرىنى بولسا ياشانغان ھامىنىسىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، تىنچ ئوكيانىدىكى ئاراللارنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ئۈچۈن كەتكەنىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، گاررى گرانتنىڭ ياشىنىپ قالغان ھامىنىسى ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن مېرى گرانت كىچىك ئۇكىسىغا قارىدى. ئۇ «تايمىس» گېزىتىدىن دادىسى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ، شۇ كۈنى كەچتىلا مالكولىم - كېستىل قورۇقىغا باردى.

ئېلىن خانىم ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ، مالكولىم - كېستىل قورۇقىدا ئېلىپ قالدى.

ئەتىسى سەھەردە سىر گىلېنارۋان مالكولىم -



كېستىل قورۇقىغا قايتىپ كەلدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ دېگىنى ئارمىيىسىنى ئەۋەتىپ، ھالاكەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى تەكلىپى رەت قىلىنغانىدى.

گىلىنارۋاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، مېرى قاتتىق قايغۇردى. ئۇ بىرىپ ئايال پادىشاھ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانىدى، گىلىنارۋان ئۇنى توسۇۋالدى.

گىلىنارۋان خانىم ئېرىگە «دونكان» ناملىق كېمە بىلەن بېرىپ كاپىتان گرانتنى قۇتقۇزۇش تەكلىپىنى بەردى. گىلىنارۋان بۇ تەكلىپنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بىلەن بىر يەردىن چىققانلىقىغا ئىنتايىن خۇشال بولدى.

شۇ كۈنى سىر گىلىنارۋان كاپىتان جون مانگلىسقا «دونكان» نى گلاسگوۋ پورتىغا ئەكىلىپ، سەپەرگە چىقىشقا تەييارلىق قىلىشنى بۇيرۇدى.

«دونكان» بولسا 110 تونىنلىق، سائىتىگە 17 دېڭىز مىلى سۈرئەتتە پار ئارقىلىق ماڭىدىغان كېمە ئىدى.

جون مانگلىس دېڭىز سەپىرىگە چىقىشنىڭ تەييارلىقلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇ ئاۋۋال كۆمۈر قاچىلايدىغان جاينى كېڭەيتىپ، ئۇ يەرگە ئىككى يىلغا يەتكۈدەك ئاشلىق قاچىلىدى. يەنە بىر ئايلانما زەمبىرەك سېتىۋېلىپ، كېمىنىڭ باش تەرىپىگە ئورناتتى. جون مانگلىس گلاسگوۋ پورتىدا ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان كاپىتانلاردىن ئىدى. ئۇ 30 ياشتا بولۇپ، گىلىنارۋان

ئائىلىسىنىڭ ھامىيلىقىدا ئۆسۈپ تەربىيىلەنگەن، ئەقىللىق، كەسكىن ۋە ئېغىر-بېسىق يىگىت ئىدى. ئۇ، مالكولىم-كېستىل قورۇقىنىڭ خوجايىنىنى ئۆز ئاكىسىدەك ھۆرمەتلەپ ياخشى كۆرەتتى.

ياردەمچى كاپىتان توم ئوستىن پىششىقەدەم، ئىشەنچلىك ماتروسلاردىن ئىدى. كېمىدە كاپىتان ۋە ياردەمچى كاپىتانلار قوشۇلۇپ جەمئىي 25 كىشىلىك كېمە ئەترىتى تەشكىل قىلىندى.

بارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى پۈتۈپ، «دونكان» نىڭ سەپەرگە ئاتلىنىش ۋاقتى 8-ئاينىڭ 25-كۈنىگە بېكىتىلدى.

8-ئاينىڭ 24-كۈنى سىر گىلېنارۋان، ئېلىن خانىم، مايور ماك نابىس، كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى مېرى بىلەن روبېرت، كېمە زاپخوزى ئولبىنت ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئايالى — ئېلىن خانىمنىڭ كۈتكۈچىسى ئولبىنت خانىم قاتارلىقلار كېمىگە چىقىپ ئورۇنلاشتى.

كەچقۇرۇن سائەت سەككىزدە سىر گىلېنارۋان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، شۇنىڭدەك ئاشپەزدىن كاپىتانغىچە بولغان بارلىق كېمە خادىملىرى كېمىدىن چۈشۈپ گلاسگوۋ پورتىدىكى قەدىمىي سېن مونگو چېركاۋىغا باردى. پوپ مولتون ئۇلارغا ئاق يول ۋە بەخت تىلىدى.

تاڭ سەھەر سائەت ئىككىدىن ئاشقاندا، دېڭىز سۈيى

پەسىيىشكە باشلىدى. «دونكان» گۈدۈكنى ياڭرىتىپ، سەپەرگە ئاتلاندى.

ئەتىگەن سائەت ئالتىدە كونتايىر تۇمشۇقىدىن ئۆتۈپ شىمالىي دېڭىز بوغۇزىدىن چىقىپ، ئاتلانتىك ئوكيانىدا ئۈزۈشكە باشلىدى.

«دونكان» سائىتىگە 17 دېڭىز مىلى سۈرئىتى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. مۇشۇنداق سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىگەندە، ئۇلار 10 كۈندىن كېيىن ئېكۋاتوردىن ئۆتۈپ، بەش ھەپتىگىچە خورن تۇمشۇقىغا بارالايتتى.

شۇ پەيتتە كېمىدە، تۇيۇقسىز بىر ناتونۇش ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئادەم 40 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، ئېگىز بويلۇق، ئورۇق ئادەم ئىدى. كۆزەينەك ئاستىدىكى يۇمىلاق كۆزلىرىدىن ئەقىللىقلىق ۋە خۇشخۇيلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا قوڭۇر رەڭ مەخمەل شىم ۋە تۇجۇركا كىيىۋالغان بولۇپ، بوينىغا دۇربۇننى يانتۇ قىلىپ ئېسىۋالغانىدى. ئۇ فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق جۇغراپىيە ئالىمى جاك پاگانېل ئىدى. ئۇ ئەسلىدە كېمىگە ئولتۇرۇپ ھىندىستاننىڭ كالكۇتتا شەھىرىگە بارماقچى بولۇپ، «دونكان» نىڭ كېمە خادىملىرى سېنى مونگۇ چېركاۋىدا ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، بۇ كېمىگە خاتا چىقىپ قالغانىدى. پالاكەت باسقان بۇ جۇغراپىيە ئالىمى كېمىنىڭ چاقپەلىكىدىكى «دونكان، گلاسگوۋ» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ:

— ھىندىستانغا بېرىپ بېجىرىدىغان ۋەزىپەمنى قانداق قىلارمەن؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— سەۋر قىلىڭ. جانابى پاگانېل، — دەپ تەسەللى بەردى — يەنە ئامال تېپىلىدۇ. بىز پات ئارىدا مادېيىدا ئارىلىدا توختايمىز. شۇ يەردە ياۋروپاغا كېتىۋاتقان بىرەر كېمىگە چىقىۋالارسىز.

— تەسەللى بەرگىنىڭىزگە رەھمەت، جاناب، باشقا ئىلاجىمۇ يوق ئوخشايدۇ.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، بۇ فرانسۇز سەيياھ «دونكان» نىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ كېيىن ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتتى:

— سىر، مەن يېڭىلىشىپ سىزنىڭ كېمىڭىزگە چىقىپ قالغانلىقىمغا خۇرسەنمەن! — دېدى ئالىم، — لېكىن، ھىندىستانغا بارىدىغان ئادەمنىڭ ئامېرىكىغا بارىدىغان كېمىگە چىقىپ قېلىشىدىنمۇ كۈلكىلىك ئىش بولماس.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يىراقتىن مادېيىدا ئارىلى كۆرۈندى. گىلېنارۋان پاگانېلغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئاسا-سەن ئۇنى چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كېمىنى پورتتا توختىتىشقا بۇيرۇدى.

— ئەزىزىم گىلېنارۋان، — دېدى پاگانېل، — بۇ ئەخمىقانە بىتەلەيلىكىمدىن بىرەر پايدىلىنىقراق ئىش

قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىسىڭىز، مادىيىدا ئارىلى ئاللىقاچان باشقىلار تەرىپىدىن يەتكۈدەك تەتقىق قىلىنىپ بولغان. ئەگەر سىزگە ئاۋارىچىلىك تۇيۇلمىسا، مىنى كانار ئارىلىغا تاشلاپ كەتسىڭىز....

گىلىنارۋان ئەسلىدىكى يۆنىلىشتىن ئانچە يىراقلاپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، پاگانىلىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

كىمە ۋىللا پىراييا قولتۇقىغا كىرىپ، شەھەرنىڭ ئۇدۇلىدا لەنگەر تاشلىغاندا، يامغۇر چىلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىۋاتاتتى.

پاگانىل بېشىنى چايقىغان هالدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ:

— هاۋا مەن بىلەن قېرىشىۋاتسا كېرەك، — دەپ تەكرارلايتتى، — مەنغۇ مەيلى، لېكىن، كېمىگە باسقان يۈكلىرىم بىلەن ئەسۋابلىرىمدىن ئەنسىرەيمەن، هۆل بولۇپ كەتسىلا تۈگىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقسا، ئۇنىڭ كۆپچىلىكتىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، هەممىسىلا ئۇنىڭ قېپقېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئالىم ئاخىر كېمىدە قېپقالدى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېمە شىمال شامىلىنىڭ

يۆنىلىشى بويىچە ئېكۋاتوردىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي يېرىم شارغا كىردى، سەپەر ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «دونكان» ماگېللان بوغۇزىغا ھېچقانداق توسالغۇسىزلا كىردى. ئادەتتە، تىنچ ئوكيانغا كىرىدىغان كېمىلەر مۇشۇ سۇ يولى بىلەن مېڭىشنى ياقتۇراتتى. چۈنكى، بۇ دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 376 دېڭىز مىلى بولۇپ، ھەممىلا يېرى ئوخشاشلا چوڭقۇر بولغاچقا، بۇ يەردە بېلىقلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ ئىدى. ئورمانلاردىمۇ خىلمۇخىل ھايۋانلارنى ئۇۋلىغىلى بولاتتى.

«دونكان» بىلار تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يەنە سەككىز كۈن يۈردى. «دونكان» تالكاۋانو بوغۇزىدا كېتىپ باراتتى. جون مانگلىس ئېدۋارد گىلېنارۋاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن كېمىنى چىدوئى تاقىم ئاراللىرى ۋە ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلىقىنىڭ ياقىلىرىدىكى سان ـ سا- ناقسىز ئاراللارغا يېقىن ئېلىپ ماڭدى. كېمە تالكاۋانو پورتىدا لەنگەر تاشلىغاندا، گىلېنارۋان سۇغا قېيىق چۈشۈرۈشنى بۇيرۇدى ۋە پاگانېل بىلەن ئىككىسى قېيىققا ئولتۇرۇپ، سۇ توسۇقىدىن قىرغاققا چىقتى.

ئۇلار شۇ يەرنىڭ تاموژنىسىغا باردى. ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىمۇ دېڭىز ئەتراپىنى تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن، ھەممىسى يوققا چىقتى. ئۇلار، كېمە چۆكۈپ كەتكەنلىك توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەرگە



ئېرىشەلمىدى.

— ئېھتىمال بىز كېمىنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىغان جايىغى خاتا مۆلچەرلەپ قويغاندۇرمىز، — دېدى گىلېنارۋان.

پاگانېل، كاپىتان گرانت قاتارلىقلار خەتنى ئەسىرگە چۈشۈپ، قۇرۇقلۇققا ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن يېزىپ بوتۇلكىغا سېلىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلۇپ، جەنۇبىي كەڭلىكتە 37 - پاراللېلنى بويلاپ ئامېرىكا قىتئەسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنى قارار قىلىشتى. ئۇلار دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ماڭماقچى بولدى. قۇرۇقلۇقتا ماڭىدىغانلار چىلى قىرغىقىدىكى رومېن تومشۇقى بىلەن كورنېرو قولتۇقى ئوتتۇرىسىدا 37 - پاراللېلنىڭ بىر تەرىپىدىن يولغا چىقىپ، جەنۇبىي كەڭلىك 37 - پاراللېلنى بويلاپ ئاراۋكانىيىنىڭ مەركىزى خەنباس يايلىقى يېنىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن تانىدىل تېغى ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكيان ساھىلىدىكى مېدانو تومشۇقىغا بارىدىغان بولدى. سۇ يولى بىلەن ماڭىدىغانلار «دونكان» بىلەن ئايلىنىپ، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شەرقىي دېڭىز بويىغا بارىدىغان بولدى. ئىككى گۇرۇپپىدىكىلەر شۇ يەردە ئۇچرىشىدىغانغا پۈتۈشتى. قۇرۇقلۇقتا ماڭىدىغانلار سەپىرى ئوڭۇشلۇق

بولسا، 30 كۈندە يېتىپ بارالايتتى.

قۇرۇقلۇقتا سەپەر قىلىش ئەترىتى بولسا، سىر گىلىنارۋان، مايور، جاك پاگانېل، «دونكان» نىڭ ئۈچ ماتروسى توم ئوستىن، ۋىلسون، مىۇلرېد ھەم روبېرتلاردىن تەشكىللەندى.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، گىلىنارۋان باشچىلىقىدىكى يىراققا سەپەر قىلىش ئەترىتى مىلتىق ۋە تاپانچىلىرىنى ئېلىپ، كېمىدىكىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

سەپەرگە ئاتلانغان بۇ يەتتە كىشى كېمىدىن چۈشۈپ قىرغاق بويلاپ كېتىۋاتقاندا، «دونكان» سۇرئىتىنى تېزلىتىپ، دېڭىزغا قاراپ يول ئالدى.

12 ياشلىق يول باشلىغۇچى تايچاقنى مىنىپ قو-شۇننىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. بۇ دۆلەتتە 20 يىلدىن ئارتۇق ياشىغان ئەنگلىيىلىك يول باشلىغۇچى «كاتا-پاس» بىلەن گىلىنارۋان قاتارلىقلار قېچىرغا مىنىپ ئوتتۇردا ماڭدى، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە بىرنەچچە تاي گەزلىمە ئارتىلغان ئىككى قېچىرنى يېتىلىگەن قېچىرچىلار ئۇلارنىڭ كەينىدە پىيادە ماڭدى.

ئۇلار تامىقىغا قورۇتۇلغان گۆش، گۈرۈچ ۋە ئارىلاپ يولدا ئوۋلىغان ياۋا قۇشلارنى يېدى. تاغ ئىچىدە شارقىراتما سۈيىنى، تۈزلەڭلىكتە كۆل سۈيىنى ئىچتى.

ھاۋا ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ئۇلار تالكاگۇئانو

قولتۇقنىڭ ئەگرى ـ توقاي قىرغاقلىرىنى بويلاپ ماڭدى. جەنۇبقا قاراپ يەنە 30 مىل يول يۈرسە، 37 ـ پاراللېلغا يېتىپ باراتتى.

ئۇلار ئاراۋكو شەھىرىدىن باشلاپ ئۇدۇل شەرققە قاراپ مېڭىپ ئىزدىمەكچى بولۇشتى.

ئالدىنقى كۈنلىرى سەپەر خېلى ئوڭۇشلۇق بولغانىدى. ئەمدى ئۇلار ئاندىس تېغىغا كەلدى. تاغدىن ئۆتكىچە خېلى قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەر بولۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ئاندىس تېغىدىن ئۆتۈشتە قايسى تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈش كېرەك؟ يول باشلىغۇچى كۆپچىلىككە ئۆتۈشكە بولىدىغان ئىككى تاغ ئېغىزىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. بىراق، ئۇ تاغ ئېغىزلىرىنىڭ بىرسى ئۇلار مېڭىۋاتقان يولدىن خېلىلا جەنۇب تەرەپتە، يەنە بىرسى خېلىلا شىمال تەرەپتە ئىدى.

پاگانېل ئۈچىنچى بىر يولنى، يەنى 37°3′ جەنۇبىي كەڭلىكتىكى ئانتوكو چىغىر يولىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ شەرقىي يانباغىردىكى ئىندىئان پادىچىلىرى ماڭىدىغان چىغىر يول ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك لاس ـ لېغاس ۋادىسىغا كىردى. يول بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئېگىزلەپ كېتىۋاتاتتى. 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە

ئېگىز جاللىپنارىڭ قەلئەسى تاغ چوققىسىدا كۆرۈندى. قورام تاشلارنى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يول تېخىمۇ تىكلىشىپ كەتتى. قېچىرلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن دومىلىغان تاشلار سەلدەك پەسكە ئاقاتتى. قېچىرلار باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ، يولنى پۇراپ دېگۈدەك ئېهتىيات بىلەن ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلەيتتى. يول تېپىپ ماڭماق قىيىن ئىدى. يول باشلىغۇچى توختاپ قالدى. ئۇلار ئىندىئانلار قالدۇرغان بەلگىلەرنى ئىزدىدى. لېكىن، تۆت ئەتراپنى پەرق ئېتىش بەك تەس ئىدى.

يول باشلىغۇچى بىر سائەتكىچە تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، ئاخىر توختاپ قالدى. ئۇلارنىڭ يولىنى تىك كۆتۈرۈلۈپ چىققان بىر قىيا توسۇپ تۇراتتى.

— بىز يەنىلا ئانتوكو چىغىر يولىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى گىلېنارۋان ئۇنىڭدىن.

— ھەئە، بىز ھازىرمۇ شۇ يولدا، — دەپ جاۋاب بەردى كاتاپاس، — ئەنە ئاۋۇ ئىندىئانلار قالىغان گۈلخاننىڭ كۈلى. لېكىن، يېقىنقى يەر تەۋرەش بۇ يولنى پۈتۈنلەي ئۆتكىلى بولمايدىغان قىلىپ توسۇپ قويۇپتۇ.

— قېچىرلار ئۆتەلمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن ئادەم ئۆتەلەيدىغۇ، — دەپ گەپ قىستۇردى مايور.

لېكىن كاتاپاس توختام بويىچە ئىش قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قېچىرلىرى ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن نېرىسىغا ما-

ئالمايتتى. گۇلبىنارۋان ھەمراھلىرىدىن:

— يەنە داۋاملىق مېڭىشنى خالامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ماڭىمىز! — دەپ تووۋلاشتى كۆپچىلىك تەڭلا.

گۇلبىنارۋان كاتاپاسىنىڭ ھەققىنى تۆلەپ، ئۇنىڭ ھامماللىرى بىلەن قىچىرلىرىنى يولغا سېلىۋەتتى. قورال، كېرەكلىك سايمان ۋە قالغان ئوزۇق-تۈلۈكنى يەتتە ساياھەتچى بۆلۈشۈپ يۈدۈپ، دەرھال تاغقا يامىشىشقا تەييارلاندى.

ئۇلار مۇنداق چىغىر يوللاردىن ئېگىزلىككە چىقىشنىڭ شۇ قەدەر تەسلىكىگە قارىماي، ئىككى سائەت يول ماڭدى. ئۇلار ئانتوكو چىغىر يوللىرى ئارقىلىق ئىسمى — جىسمىغا لايىق ئاندىس تاغ تىزمىلىرىغا يېتىپ كەلگەندى.

كۆپچىلىك كېچىلەپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. ئەتىگەن سائەت بەشتە ئۇلار 2005 مېتىر ئېگىزلىككە چىققاندى. ئۇلار نەيزىگە ئوخشاش ئۇچلۇق مۇزلار ۋە چوڭقۇر غارلارنىڭ ياقىسىدىن ئاستا-ئاستا يۇقىرىغا قاراپ يامىشاتتى. بەزى جايلاردا ئاندا-ساندا ئۇلگىرى بۇ يەرلەردە يۈز بەرگەن پاجىئەلەرنىڭ گۇۋاھچىلىرى — ياغاچتىن ياسالغان كرېست بەلگىلىرى يولۇقاتتى.

كۆپچىلىك شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە، ھېچكىممۇ توختاپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئۇلار شۇ

جاپا ـ مۇشەققەتتە يەنە ئىككى سائەتتەك ماڭدى. ھاۋا شالاڭ بولغاچقا نەپەس ئېلىشمۇ تەس ئىدى. قان بې-سىمىنىڭ نورماللىسىزلىقى تۇپەيلىدىن چىش مىلىكلى-رىنىڭ گۆشلىرىدىن ۋە ئېغىز ئەتراپلىرىدىن قان چى-قىشقا باشلىدى. بەزىلەر بولسا پات ـ پاتلا يىقىلىپ چۈ-شەتتى.

تۇن پەردىسى ئەتراپنى قاپلىدى. سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. گىلىنارۋانمۇ ئىختىيارسىز قورقۇشقا باشلىدى. بىردىنلا مايور قەدىمىنى توختىتىپ، خاتىرجەملىك بىلەن:

— بىر كەپە بار ئىكەن، — دېدى.

قار بېسىۋالغان كەپە قارىماققا تومپىيىپ تۇرغان كىچىككىنە دۆڭگىلا ئوخشىغاچقا، ئەتراپتىكى تاشلاردىن پەرقلەندۈرمەكمۇ تەس ئىدى. ۋىلسون بىلەن مىۋلرېد يېرىم سائەتتەك ھەپىلىشىپ، كەپىنىڭ ئىشىكىنى ئاران ئاچتى، ئۇلار كەپىگە كىردى.

بۇ كەپىنى ئىندىئانلار كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ ياسىغانىدى. ئۇنىڭغا ئون ئادەم بىمالال سىغاتتى. كەپە ئىچىدە بىر ئوچاق بار بولۇپ، ئوچاققا ئوت قالاپ، سىرتتىكى سوغۇقتىن ساقلانغىلى بولاتتى.

پاگانېل باروميتىرغا قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ يەر يۈزىدىن 3900 مېتىر ئېگىزلىكتە تۇرغانلىقىنى بىلدى. يېقىن ئەتراپتىن ئوتۇن تېپىلمىدى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە، بۇ يەردە قۇرۇپ قالغان مۇخلار بار ئىدى. ئۇلار بىر

قوچاق موخ يولۇپ كەلدى. بۇ يەردە يەنە يەرسىدىر «رالبدا» دەپ ئاتايدىغان يىلتىزى ناھايىتى باخشى كۆيىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بار ئىدى. ئۇلار ئۇنىمۇ تېپىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭدا تەستە ئوت قالىدى. بۇنداق ئېگىزلىكتە سۇ 87 گرادۇستىلا قاينايتتى. ھەممەيلەن بىرنەچچە يوتۇمدىن قەھۋە ئىچىپ ئىنتايىن ھوزۇرلاندى.

يىراقتىن بەس ـ بەستە ھۆۋلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— بۇ، ياۋايى ھايۋانمىدۇ؟

— بۇنداق ئېگىز تاغدا ياۋايى ھايۋان بولمايدۇ، — دېدى گىلىبنارۋان.

— مەن چىقىپ قاراپ باقاي، — مايور شۇنداق دەپ، قولىغا مىلتىقنى ئالدى. قاراڭغۇ كېچىدە قانداقتۇر تۆۋقۇسىز ئۇركۇپ كەتكەن جانىۋارلار كۆچىمە قاردەك يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بۇلار موڭغۇزسىز بۆكەن پادىسىمىدۇ؟ گىلىبنارۋان، ماك نابىس، روبېرت، ئوستىن ھەم ئىككى ماتروس تېخى دوم ياتا ـ ياتمايلا، بىر توپ ھايۋانلار شىددەت بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتى.

تاماقنى يەپ بولۇپ، ھەممەيلەن ئۇخلاپ كېتىشتى. گىلىبنارۋاننىڭ كۆزىگە پەقەتلا ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇنى قانداقتۇر بىر تەشۋىش چۇلغىۋالغانىدى. ئۇنىڭ خىيالى چۆرگىلەپ ـ چۆرگىلەپ يەنە ھېلىقى بىر تەرەپكە قاچقان بىر توپ موڭگۇزسىز بۆكەن پادىسىدا توختاپ

قالاتتى. ئۇلار نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۈركۈپ كېتىدۇ؟ گىلېنارۋان قانداقتۇر بىر پالاكەتنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك قىلدى.

بۇ چاغدا گىلېنارۋاننىڭ قۇلىقىغا تۇيۇقسىزدىن يىراقتىن گۈلدۈرماما ئاۋازىغا ئوخشاش بىر ئاۋاز ئاڭلاندىغاندەك قىلدى. گىلېنارۋان نېمە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقتى.

ئاي چىققانىدى. ھاۋا ئوچۇق، شامال يوق. لېكىن گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گىلېنارۋان سائىتىگە قارىدى. سائەت ئەمدىلا سەھەر ۋاقتى ئىككى بولغانىدى. ھارغىنلىق ئۇلارنى قاتتىق ئۇيقۇغا مەھكۇم قىلغانىدى. ئۇمۇ يېتىپ ئۇيقۇغ كەتتى.

ئۇ بىردىن دەھشەتلىك سوقۇلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گىلېنارۋانغا ئايىغى ئاستىدىكى يەر تۆۋەنگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى.

— قېچىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئويغىنىپ، تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار خۇددى تەكىيىدەك تاغ باغرىدىن پەسكە دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى. تاڭ يورۇدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا باشقىچە بىر مەنزىرە پەيدا بولدى. تاغلارنىڭ شەكلى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئېگىز تاغ چوققىسى قاپ بېلىدىن غۇلاپ چۈشۈپ، خۇددى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك، بىردىنلا غايىب بولغانىدى.

— يەر تەۋرەپتۇ!

بۇ، چىلىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بىرى ئىدى.

شۇ تاپتا، يەتتە يولۇچى تاغدىكى مۇخلارغا چىڭ ئېسىلىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا سائىتىگە 50 مىل تېز-لىك بىلەن تۆۋەنگە قاراپ دومىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

تۇيۇقسىز قاتتىق بىر سىلكىنىش ئۇلارنى يەنە بىر قاپتالغا تاشلىدى. ئۇ يەر بىردىنلا سىيرىلىشتىن توختىدى.

بىرنەچچە مىنۇتقىچە ھېچكىم قىمىر قىلمىدى. كەينىدىن بىرەيلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ مايور ماك نابىس ئىدى. ئۇ ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تاغ ئازگاللىرىدا ياتاتتى. ئۇ بىر- بىرلەپ ساناپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت روبېرت گرانتلا كەم ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، قالغان ئالتەيلەن ئاندىس تاغ باغرىغا كېلىپ، بۆلۈنۈپ ئىزدىدى. لېكىن بىر كېچە- كۈندۈز ئىزدەپمۇ روبېرتنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

تاڭ ئاتتى. كۆپچىلىك پاناھگاھىغا قايتىپ كېلىشتى. ئوزۇق- تۈلۈك ئاللىقاچان تۈگىگەنىدى. «دونكان» بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالغانى-دى. كۆپچىلىكنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ بولسىمۇ، يولغا چىقىش ۋاقتىنى يەنە كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى.

لېكىن گىلېنارۋان بېشىنى چايقاپ، مېڭىشقا زادىلا ئۇنىمىدى.

بىر سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. چۈش بولاي دەپ قالغانىدى. بىر چاغدا گىلېنارۋان ئاسماندا كۆرۈنگەن قانداقتۇر بىر قارا نۇقتىغا قاراپ:

— ئاۋۇ يەرگە قاراڭلار، تېز قاراڭلار! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— بۇ قاندار، — دېدى پاگانېل

قۇش بارغانسېرى تۆۋەنلەپ، ئېنىق كۆرۈندى. ئۇ، ئاسماندا ئايلىنىپ پەرۋاز قىلاتتى. ئۇ نېمىنى كۆردىكىنە؟ ئۇ روبېرتنىڭ جەسىتىنى كۆرگەنمىدۇ؟

مايور بىلەن ۋىلسون مىلتىقلىرىنى قولىغا ئېلىشتى. گىلېنارۋان قولى بىلەن ئۇلارنى توسۇۋالدى. قاندار ئۇلار تۇرغان جايدىن تۆت مىلچە يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى بەكلا تېز بولغاچقا، ئۇنىڭغا قارىغان ئادەمنىڭ بېشى قاياتتى.

— شۇ يەردە، روبېرت شۇ يەردە، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— ئەگەر روبېرت تىرىك بولسا، بۇ قۇش... ئېتىڭلار، قۇشنى تېز ئېتىڭلار!

لېكىن ئۇلار كېچىككەنىدى. قاندار ئېگىز قىيالىقنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. بىر سېكۇنتمۇ ئۆتمەي، ھېلىقى زور قۇش يەنە

كۆرۈندى. ئۇ چاڭگاللىشىۋالغان نەرسىنىڭ ئىغىرلىقىدىن، ئىلگىرىكىدىن ئاستاراق ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. كۆپچىلىك بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ ھودۇقۇشۇپ ۋارقىراپ كېتىشتى. قاندارنىڭ چاڭگىلىدا بىر جانسىز گەۋدە ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇ دەل روبېرت ئىدى. قاندار بۇ جايدىكى ئادەملەر توپىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئولجىسىنى ئېلىپ تېزرەك يىراقلاپ كېتىش ئۈچۈن قانىتىنى كۈچەپ قېقىشقا باشلىدى.

مايور مىلتىقنى بەتلەپ، قاندارنى نىشانغا ئالدى. لېكىن ئۇ مىلتىق تەپكىسىنى باسقىچە، تاغ ئارىسىدىن ئوق ئاۋازى ياڭرىدى. دەل مېڭىسىگە ئوق يېگەن قاندار قاناتلىرىنى كەڭ يايغان پېتى خۇددى پاراشوتتەك ئاستا ـ ئاستا ئايلىنىپ پەسلەشكە باشلىدى. ئۇ ئولجىنى تېخىچىلا چاڭگىلىدىن بوشاتمىغانىدى.

گىلېنارۋان ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇلار يېتىپ بارغاندا، قۇش ئاللىقاچان ئۆلگەنىدى. روبېرتنىڭ گەۋدىسى قۇشنىڭ كەڭ قاناتلىرى ئاستىدا قېلىپ كۆرۈنمەيتتى. گىلېنارۋان بالىنىڭ يېنىغا ئوقتەك بېرىپ، قىمىرلىماي ياتقان بالىنىڭ مەيدىسىگە قۇلىقىنى ياقتى.

— تىرىك ئىكەن! تىرىك ئىكەن! — گىلېنارۋان خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى.

شۇ ئارىلىقتا، روبېرت كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ

ئۈستىدە ئېگىشىپ تۇرغان گىلىنارۋاننى تونۇدى.

— ھە... سىز .... سىز... دادامغۇ...، — دېدى ئۇ.

ھاياجاندىن نەپىسى بوغۇلغان گىلىنارۋاننىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر كارامەت بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بالا ئالدىدا تىزلىنىپ، خۇشاللىقىدىن ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

روبېرت دەھشەتلىك خەتەردىن قۇتۇلۇپ، ھايات قالغانىدى.

ئۇنى قۇتقۇزغان زادى كىم؟ بۇ چاغدا تاغ باغرىدا قاۋۇل بىر ئادەم ئۇزۇن مىلتىققا تايىنىپ قاراپ تۇراتتى. بۇ ئادەم ئېگىز بويلۇق بولۇپ، ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقىنى قىزىل، قاپاقلىرىنىڭ ئاستىنى قارا، پېشانىسىنى ئاق بوياق بىلەن بويىۋالغانىدى. ئۇ يەرلىك ئادەم بولۇپ، پاتاگونىيىنىڭ چېگرا رايون ئادەملىرىدەك كىيىنىۋالغانىدى.

پاتاگونىيىلىك بۇ ئادەمنىڭ چىرايى تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى.

مايور ئۇنى كۆرۈپلا، گىلىنارۋانغا كۆرسەتتى: گىلىنارۋان ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

پاتاگونىيىلىكلەر ئىسپان تىلىدىمۇ سۆزلىيەلەيتتى. ئەمدى پاگانېلنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان پۇرسەت كەلگەنىدى. ئۇ سۆزلەرنى دانە ـ دانە قىلىپ:

— سىز ياخشى ئادەم ئىكەنسىز! — دېدى.

— بىراق، يەرلىك ئادەم ھېچنېمىنى ئۇقمىدى. ئۇنىڭ گېپىنى پاگانېلمۇ ئۇقمىدى.

— بۇ ئادەم بايا ئىسپان تىلىدا سۆزلىگەنىدى، — دېدى گىلېنارۋان. ئۇ پاتاگونىيىلىكتىن:

— ئىسپان تىلىدا سۆزلىدىڭىزمۇ، — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ھەئە، — دەپ جاۋاب قايتۇردى يەرلىك ئادەم.

كۆپچىلىك پاگانېلنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى، ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

بايا ئىسپان تىلىدا سۆزلىدىم دەپ پورتۇگال تىلىدا سۆزلەپ تاشلاپتىمەن. — دېدى.

بۇ پاتاگونىيىلىك ئادەم كەسپىي يول باشلىغۇچى بولۇپ، ئىسمى تالكاۋ ئىكەن. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندەكلا بولغانىدى.

كۆپچىلىك ئەتىسى سەھەرگىچە دەم ئېلىشنى قارار قىلىشتى. ئۇلارغا ئىككى ئىشنى، يەنى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش زۆرۈر ئىدى. تالكاۋ بۇ يەردىن تۆت مىلچە يىراقلىقتىكى ئىندىئانلار ئولتۇراقلاشقان بازارغا بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەردىن كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولىدىكەن.

بۇ بازار ئاندىس ئىككى تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە ئىندىئانلارنىڭ ئات، كالا ۋە قويلىرى بار ئىدى.

تالكاۋ ئۇلار بىلەن باھادا كېلىشىشنى ئۇستىگە ئالدى. كۆپ ئۆتمەي سودا پۈتتى. ئۇلار ئېگەر ـ جابدۇقى بىلەن ئارگېنتىنا نەسلىدىن بولغان يەتتە ئات ھەمدە گۆش، گۈرۈچ، سۇ ۋە هاراق قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى. گىلېنارۋان پاتاگونىيىلىك ئۈچۈنمۇ بىر ئات سېتىۋال- ماقچى بولغاندا، تالكاۋ بۇنى دەرھال رەت قىلدى.

پاناھگاھقا قايتىپ كېلىپ، ھەممەيلەن ئىشتىھا بىلەن ھۇزۇرلىنىپ غىزالاندى. روبېرتمۇ بىرئاز تاماق يېدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

پاگانېل خۇددى سايىدەك تالكاۋدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي، ئۇنىڭ كەينىدىنلا يۈرەتتى. ئۇ، ھەقىقىي پا- تاگونىيىلىكنى ئۇچراتقانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ خۇشال ئىدى. بۇ يەرلىك ئادەمگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ خۇددى پا- پىدەكلا پاكار كۆرۈنەتتى.

ئەتىسى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سائەت سەككىزدە تالكاۋ يولغا چىقىشقا سىگنال بەردى.

يولغا چىقىش ۋاقتىدا، تالكاۋ غەلىتە بىر ئاۋازدا قاتتىق ئىسقىرتىۋىدى، شۇ ئان يېقىن ئەتراپتىكى دەرەخلىكتىن ئارگېنتىنا نەسىللىك بىر ئارغىماق

ئۇچقاندەك چىپىپ كەلدى. مايور ئات نەسىللىرىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ پامپاس يايلىقىنىڭ نەسىللىك ئېتىنى بەكلا ماختاپ كەتتى. بۇ ئۇچقۇر ئاتنىڭ ئىسمى «تاۋكا» بولۇپ، پاتاگونىيە تىلىدا «قۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، 37 ـ پاراللېلنىڭ كولورادو دەرياسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يېرىگىچە يەنە 93 مىل، يەنى ئۈچ كۈنلۈك يول قالغانىدى.

يول باشلىغۇچى تالكاۋ كۆپچىلىكنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇدۇل شەرققە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالدى.

گىلېنارۋان پاگانېلغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇزاق سەپەرگە چىقىشتىكى مەقسىتىنى يول باشلىغۇ-چىغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئېيتتى.

پاگانېل پاتاگونىيىلىككە سەپەرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلەپ، ھەر خىل ئىما ـ ئىشارەتلەرنى قىلىپ، يەرگە بىر پار-چە خەرىتە سىزىپمۇ بولدى. تالكاۋ ئاخىر ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى.

گىلېنارۋان پاگانېلغا، پاتاگونىيىلىكتىن پامپاس يايلىقىدىكى ئىندىئانلارنىڭ قولىغا چەت ئەللىكنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان ـ ئاڭلىمىغانلىقىنى سوراپ بېقىشنى ئېيتتى.

پاتاگونىيىلىك ئۆزىنىڭ ئىندىئانلارنىڭ

پاراخلىرىدىن ئۇلارنىڭ بىر ياۋروپالىقنى ئەسىرگە چۈشۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ ئىككى يىل بۇرۇنقى ئىش بولۇپ، ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن. ئادەمنىڭ بىر ئادەم ياكى ئۈچ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۇلار يەنە يېڭى ئۇممىد بىلەن شەرققە قاراپ ماڭدى.

26 ـ كۈنى يول يۈرۈش خىيلىلا تەس كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار غەيرەت قىلىپ، كولورادو دەرياسىغا تېزرەك يېتىشىۋېلىشقا بەل باغلىدى.

كولورادو دەرياسىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن بىر ئاسما كۆۋرۈكنى تاپتى. ئۇلار شۇ كۆۋرۈكتىن دەريانىڭ سول قىرغىقىغا ئۆتۈپ، شۇ يەردە كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى كۈنلۈك سەپەر ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. كەچقۇرۇن ئاتلار چوڭ بىر كۆل بويىغا كېلىپ توختىدى. كۆلنىڭ سۈيىدە مىنېرال ماددىلار كۆپ بولغاچقا، ئىندىئانلار ئۇنى «ئاچچىق كۆل» دەپ ئاتىشاتتى.

ئارگېنتىنادىكى پامپاس يايلىقى كەڭ كەتكەن ئوتلاق بولۇپ، «پامپاس» تەكشى كەتكەن ئوت ـ چۆپلۈك دېگەن مەنىدە ئىدى. ئاتلار پاكاۋا ئوتلىرى ئارىسىدىن ناھايىتى بەھۇزۇر ماڭاتتى.

10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەر بولغاندا، ئاتلىقلار يول ئۈستىدە دۆۋە ـ دۆۋە سۆڭەكلەرنى ئۇچراتتى. بۇ بىر توپ كالىنىڭ ئۇستىخانلىرى ئىدى.

— بۇلارنى ئاسماندىن چۈشكەن ئوت كۆيدۈرۈۋەتكەن، يەنى يايلاقتىكى بوران ـ چاپقۇن ئېلىپ كەلگەن چاقماق بۇ چارۋا توپىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، دېدى پاتاگونىيىلىك.

— بۇنىڭغا ھەيران قالمايمەن، — دېدى گىلېنارۋان، — شۇ تاپتا مەن بەدىنىمدە ئېلېكتىر زەرەتلىرى جىمىرلاۋاتقاندەك بىر ھالەتنى سېزىۋاتىمەن. لېكىن، مۇنداق ئىسسىق ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشماس.

ئەتىسى ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتتى. دالىدا سايىدىغۇدەك بىرەر جايمۇ يوق ئىدى. يول ئۈستىدە بىرنەچچە قېتىم چوڭ ـ چوڭ مال پادىلىرىمۇ ئۇچرىدى. پىژغىرىم ئىسسىقتا ئۇلارنىڭ ئوتلىغۇدەك ھالىمۇ قالمىغانىدى.

گىلېنارۋان تالكاۋدىن قەيەردە سۇ بارلىقىنى سورىدى.

— سالىناس كۆلىدە، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

بۇ بىر توپ ئادەم مىلىڭ بىر تەستە سالىناس كۆلىنىڭ تىك يارلىرىدىن پەسكە چۈشتى. كۆلنى كۆرۈپلا ئۇلارنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. كۆل قۇرۇپ كەتكەنىدى.

كۆپچىلىك بەكلا ئۈمىدسىزلەنگەنىدى، ئۇنى دەرھال بىرەر ئامال تاپمىسا بولمايتتى.

پاگانېل تالكاۋدىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سورىغاندا، ئۇ پاگانېلغا ئادەملەرنىڭ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئىبتى بەك ئاجىزلاپ ماڭالماي قالغانلار 37 ـ پاراللېلنى بويلاپ ئاستا مېڭىپ تۇرۇشنى، ئىبتى ماڭالا-يدىغانلار سان ـ لوكاس كۆلىگە قويۇلىدىغان گۋائومېنى دەرياسىنى ئىزدەشنى، ناۋادا گۋائومېنى دەرياسىنىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتمىگەنلا بولسا، باشقىلارنى شۇ يەردە كۈتۈشنى، ئەگەر دەريا سۈيى قۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئار-قىدا كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا قايتىپ بېرىشنى ئېيتتى.

— بۇ ناھايىتى ياخشى مەسلىھەت بولدى، — دېدى گىلېنارۋان، — مېنىڭ ئىبتىم ئۈسسۇزلۇققا خېلى چىدايدۇ. شۇڭا مەن تالكاۋغا ھەمراھ بولۇپ بىللە باراي.

— مېنىمۇ ئېلىۋېلىڭ! — دېدى روبېرت.

گىلېنارۋانمۇ روبېرتنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولۇ-شىنى خالايتتى. شۇڭا:

— بوپتۇ، بىز ئۈچىمىز بىللە ماڭايلى، — دېدى.

پاگانېلنىڭمۇ بىللە بارغۇسى بار ئىدى. ئەمما سىر ئۇنى قالدۇرۇپ قويدى. چۈنكى ئۇ 37 ـ پاراللېلنىمۇ، گۋائومېنى دەرياسىنىمۇ ھەممە پامپاس ياپلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا گىلېنارۋان، تالكاۋ

ۋە روبېرتلار يولغا چىقتى.

ئاتلار چېپىپ كېتىۋاتاتتى. روبېرتمۇ ئۇستا چەۋەنداز بولۇپ قالغانىدى.

چۈش ۋاقتى بولغاندا، ئاتلارمۇ چارچاپ قالدى. لېكىن، بىپايان چۆللۈك تېخىچىلا ئاخىرلىشاي دېمەيتتى. ئۇلار يولنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

تالكاۋنىڭ بۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇلارنى تاشلاپ قويغۇسى كەلمىدى. شۇڭا ئۇ، ئىتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى قاتتىق تارتىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئات كىشنەپ، پۇتلىرىنى ئېگىز - ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇشقۇراتتى. تالكاۋ ئىتىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. بۇ ئەقىللىق جانىۋار ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈرلۈكى بىلەن هاۋادىكى نەملىكنى سەزگەنىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە، يىراقتىن ئويمانلىقتا بىر ئۇزۇن ئاق سىزىق كۆرۈندى.

— سۇ! — دەپ توۋلىۋەتتى گىلېنارۋان.

— سۇكەن، راست، سۇكەن! — دېدى روبېرتمۇ ۋارقىراپ.

ئەمدى ئاتلارنى مېڭىشقا زورلاشنىڭ هاجىتى قالمىغانىدى. ئۇلار ئالدىغا قاراپ چېپىشاتتى. بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ئاتلار ئۇستىدىكى ئادەملەر بىلەنلا بۇ

جاننى قۇتقۇزغۇچى سوۇغا ئېتىلىپ كىردى.

تالكاۋ ناھايىتى تېزلا دەريانىڭ قىرغىقىدىن ئۈچ تەرىپى ياغاچ بىلەن قورشالغان بىر قوتاننى تاپتى. قاراڭغۇ چۈشتى، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن گىلىبىنارۋان، روبېرت ۋە تالكاۋ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىشتى. كېچە سائەت ئونلاردا تالكاۋ تۇيۇقسىزلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. ئۇ بىرەر شەپىنى سېزىۋاتقاندەك قىلاتتى. يولۋاس بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى ئۇ.

تالكاۋ پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقاندا، تاۋۇكا بىردىنلا كىشنەپ كەتتى. ئەسلىدە بىر توپ قىزىل بۆرە ئۇلارنىڭ قوتىنىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغانىدى.

تالكاۋ قىزىل بۆرىلەرنىڭ يورۇقلۇقتىن قورقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بىردە، قۇرۇق چۆپلەرنى قوتاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىغىپ ئوت ياقتى. لېكىن، ئوت ـ چۆپ ۋە مىلتىق دورىسىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن ئوتمۇ ئۆچۈپ، ئوقمۇ ئاز قالدى.

قانداقلا بولمىسۇن تاڭ سەھەرگىچە بەرداشلىق بېرىش كېرەك ئىدى.

ئەپسۇسكى، قوغدىنىشقا لازىملىق نەرسىلەر تۈگەپ قالدى. كېچە سائەت ئىككى بولاي دېگەندە، تالكاۋ ئاخىرقى بىر قۇچاق ئوتۇننى گۈلخانغا تاشلىدى. ئۇلاردا ئاران بەش تاللا ئوق قالغانىدى.

تالكاۋ گۈلخاندىن سەكرەپ ئۆتمەكچى بولغان ئىككى بۆرىنى مىلتىقنىڭ قوندىقى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. لېكىن، ئۆچۈپ كېتىۋاتقان گۈلخان يورۇقىدا بىر توپ بۆرىنىڭ قوتانغا باستۇرۇپ كىرىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش يېقىنلىشىپ قالغانىدى. دەل شۇ چاغدا نېمىشقىدۇر بۆرىلەرنىڭ ھەرىكىتىدە بىردىنلا ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئۇلار مىلتىق ۋە ئوت بىلەن قاتتىق قوغدىلىۋاتقان قوتاننىڭ ئىشىكىدىن كىرمەي، بەلكى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولغانىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، يىرتقۇچىلارنىڭ ئەتراپتىكى ياغاچ تۈۋرۈكلەرنى تىرناقلىرى بىلەن جىنىمىنىڭ بارىچە تاتىلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. گىلىبىنارۋان روبېرتنى باغرىغا باستى. تالكاۋ سەۋرسىزلىك بىلەن چاپچىپ تۇرغان ئىتىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تاسمىلىرىنى باغلاپ ئېگەرلىدى. ئۇ ئىتنى مىنىپ چىقىپ، بۆرىلەرنى باشقا ياققا باشلاپ كەتمەكچى ئىدى.

گىلىنارۋان ئۇنى توسۇۋالدى، لېكىن تالكاۋ بۇنىڭغا ئۇنىماي:

— بولمايدۇ! — دەپ تۇرىۋالدى ئۇلار ئىككىلىسى بىر - بىرىگە يول قويۇشمىدى.

شۇ چاغدا بىر بالىنىڭ:

— سىزنى خۇداغا تاپشۇردۇم سىر! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— روبېرت، ياق بولمايدۇ! — دەپ توۋلاپ كەتتى گىلىنارۋان. ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، قىزىل بۆرىلەر دالىغا قاراپ چاپقان ئاتنىڭ كەينىدىن غەربكە قاراپ ئوقتەك قوغلاپ كەتتى.

گىلىنارۋان ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا يەرگە يىقىلدى. تالكاۋنىڭ چىرايىدا بولسا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى:

— تاۋكا ياخشى ئات، روبېرتمۇ جەسۇر بالا، قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ.

تالكاۋنىڭ شۇنچىلىك ئىشەنچىسى كامىل بولۇشىغا قارىماي، گىلىنارۋان كېچىنى بەكمۇ تەشۋىشتە ئۆتكۈزدى. ئۇ روبېرتنى ئىزدەپ بارماقچى بولغانىدى، تالكاۋ ئۇنى توسۇۋالدى.

بۆرىلەر تاۋكاغا هەرگىز يېتىشەلمەيدۇ.

ئەتىگەن سائەت تۆتلەردە تاڭ سۈزۈلدى.

— يولغا چىقايلى! — دېدى تالكاۋ. ئىككىسى غەربكە قاراپ چېپىپ كەتتى. تويتوغرا بىر سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، ئاخىر يىراقتىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بىرسى سىگنال بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.



— بىزنىڭ دوستلىرىمىز! — دېدى گىلىپنارۋان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار پاگانىل باشچىلىقىدىكى ئەترەت بىلەن ئۇچراشتى. گىلىپنارۋان روبېرتنىڭ تاۋۇكانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى. گىلىپنارۋان بىلەن روبېرت تەڭلا ئاتتىن چۈشۈپ، بىر-بىرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلاشتى.

— ئاھ، ئوغلۇم، سەن نېمىشقا مەن ياكى تالكاۋنىڭ سېنى قۇتقۇزۇشىمىزغا يول قويماي، ئۆزۈڭلا تەۋەككۈل قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى گىلىپنارۋان.

— مەن ئۆزۈمنى قۇربان قىلىشقا جۈرئەت قىلسام بولمامدىكەن؟ تالكاۋ مېنى بىر قېتىم قۇتقۇزۇۋالدى، سىز بولسىڭىز دادامنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شۇنچە ئازابلارنى چېكىۋاتىسىز! — دېدى روبېرت ئىنتايىن مەمنۇنلۇق بىلەن.

كۆپچىلىك بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئەمما ئۇسساپ كەتكەچكە، ھېچ ماجالى قالمىغانىدى. ئەتىگەن سائەت يەتتىلەردە ئۇلار يەنە قوتانغا كەلدى. ئۇلار قوتان ئالدىدا شۇنچە كۆپ بۆرە ئۆلۈكلىرىنى كۆرۈپ، كېچىدىكى جەڭنىڭ قانچىلىك كەسكىن بولغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. كۆپچىلىك دالا تامىقىنى راسا تويغۇدەك يېيىشىپ، سۇنىمۇ قانغۇدەك ئىچىشتى. ئۇلار تۇلۇملىرىغا سۇ توشقۇزۇپ، ئاتلارنى تويدۇرۇپ، ئەتىگەن سائەت ئوندا يولغا چىقتى.

22 كۈن ئىچىدە ئۇلار يولنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى بېسىپ بولغانىدى. ئەتىسى ئۇلار ئارگېنتىنا تۈزلەڭلىكى بىلەن پامپاس يايلىقىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتتى. تالكاۋ كاپىتان گرانت بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنى تۇتۇپ كەتكەنىدى. ئىندىئانلار قەبىلە باشلىقىنى مۇشۇ ئەتراپتا ئۇچرىتىمىز، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، بۇ ئەتراپتا ھېچقانداق بىر ئىندىئان ئۇچرىمىدى. ئەسلىدە، پاراگۋاي بىلەن بوئىنۇس-ئايرىس ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقاچقا، ئىندىئانلار شىمالغا كەتكەنىدى.

پۈتۈن ئۆمەك بىراقلا يوققا چىقتى. ئۇلار مېدانۇ تۈمشۇقىدا كۈتۈپ تۇرماقچى بولغان «دونكان» غا قايتىپ بارماقچى بولدى.

پاگانېل گىلېنارۋاندىن ھېلىقى خەتنى ئالدى. ئۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى ئېنىقلاپ باقماقچى ئىدى.

مۇستەقىللىق قەلئەسى بىلەن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئارىلىقى 150 مىل كېلەتتى. ئەگەر يولدا بىرەر كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بېرىپ قالمىسىلا، ئۇلار كېمىدىكىلەر بىلەن تۆت كۈندە ئۇچرىشالايتتى.

ئۇلار تاندىل تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئارگېنتىنا تۈزلەڭلىكىگە كەلدى. شۇ كۈنى ئۇلار تروپىك يامغۇرىغا دۇچ كەلدى. ئۇلار يامغۇرغا قارىماي يولنى داۋاملاشتۇردى. كەچقۇرۇن بىر كىچىك كەپىگە كېلىپ پاناھلاندى.



بۇنداق چاغدا كىشىگە ھەممىدىن خۇشياقىدىغىنى يېتىپ ئۇخلاش ئىدى. ھەممىيلەن يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. كېچە تىنچ ئۆتتى. سەھەردە ئۇلارنى تاۋكاننىڭ كىشنىشى ئويغىتىۋەتتى. بۇ جانىۋار ناھايىتى سەزگۈر بولغاچقا، ئەترەتتىكىلەرنى كۆپ قېتىم خەتەردىن قۇتۇلدۇرغانىدى. شۇڭا، ھەممىيلەن ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشەتتى. سائەت ئونلاردا تاۋكا بىردىنلا قاتتىق بىئارام بولۇپ چاپچىپ كەتتى.

— تاۋكاغا نېمە بولدى؟ — سورىدى پاگانېل.

— ئۇ بىر خەۋپنى سىزىۋاتىدۇ، — دېدى پاتاگونىيىلىك. دېگەندەك، ئۇيۇقتىن ئاللىقانداقتۇر بىرگۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەترەتتىن يېرىم مىلچە جەنۇبتا چولڭ بىر پادا توپى كۆرۈندى. چۆچۈپ كەتكەن جانىۋارلار شاۋقۇن ـ سۈرەن ئىچىدە باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

— كەلكۈن كېلىۋاتىدۇ! كەلكۈن! — دەپ تووۋلىدى تالكاۋ.

دەرۋەقە، جەنۇب تەرەپتىن بەش مىلچە يىراقلىقتا ھەم ئېگىز، ھەم كەڭ كەلگەن سۇ دولقۇنى ئۇدۇل تۇزلەڭلىك تەرەپكە قاراپ باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

بىردەمدىلا سۇ ئاتنىڭ مەيدىسىگىچە كەلدى. بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئاتلار بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئادەملەر قىياندا سائىتىگە 20 مىل سۈرئەت بىلەن

شىمالغا قاراپ ئېقىشقا باشلىغانىدى.

ئۇلار ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغاندا، بىردىنلا مايورنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— دەرەخ!

مايورنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭلا غايەت زور بىر دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ كەلدى. ئادەملەر بىلەن ئاتلار قاينامغا كىرىپ كەتتى. دولقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققان ئادەملەر بىر ـ بىرىنى ساناشقا باشلىدى. ھەممەيلەن سالامەت، لېكىن تاۋكادىن باشقا ئاتلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنمەيتتى.

ئۇلار ئاخىر چولڭ بىر توپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. بىراق، تاۋكانى ئېقىن سۈرۈپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئىندىئان شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ تاۋكا تەرەپكە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە ئۈزدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ تاۋكانىڭ بوينىدىن قۇ-چاقلىۋالدى ۋە كۈچلۈك ئېقىندا تۇمان بىلەن قاپلانغان شىمال تەرەپكە قاراپ ئېقىپ كەتتى.

بۇ ئۈمىد دەرىخى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، خېلى كەڭ يەرگە سايە تاشلىيالايتتى. بۇ دەرەخ گويا ئوكيان-دىكى بىر يېشىل ئارالغا ئوخشاش،گىلېنارۋان قاتارلىق-لارنىڭ پاناھگاھى بولۇپ قالدى. ئەتراپ بىپايان دېڭىز ئىدى. تالكاۋ بىلەن تاۋكا بارغانسېرى يىراقلىشىپ، كۆزدىن غايىب بولدى.



كەلكۈن بېسىقتى، كۈن چىقتى، ئۈلارمۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە ھاياتلىقنىڭ غېمىنى قىلىشقا باشلىدى. مايور ئازراق قۇرۇتۇلغان گۆش چىقاردى. پاگانېل بىرئاز قۇرۇق مۇخ يىغىپ، دەرەخنىڭ ئۈچ شاخقا ئايرىلغان جايىغا تىزىلغان ھۆل يوپۇرماقلارنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، دۇربۇننىڭ كۆپۈنگۈ ئەينىكىنى قۇياشقا ئۇدۇل تۇتۇپ ئوت تۇتاشتۇردى. تاماقتىن كېيىن، ھەممەيلەن دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئۆزلىرى ياتىدىغان ئورۇن راسلىدى. يەنە يىراقنى كۆزىتىدىغان قاراۋۇللۇق ئورنى تەييارلىدى. پاگانېل كۆپچىلىككە:

— ئەمدى مەن يۇقىرىغا چىقىپ ئەتراپنى كۆزىتەي، بىرەر ئىش بولسا سىلەرنى خەۋەرلەندۇرىمەن، — دېدى.

قالغانلار يەنە ھېلىقى خەتتىكى 37 - پاراللېل توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىنى باشلىۋەتتى.

— كاپىتان گرانتنى تېپىش ئۈمىدى ھەرقانچە ئاز بولسىمۇ، بىز يەنىلا 37 - پاراللېلنى بويلاپ دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىشىمىز لازىم. لېكىن، بىز ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئىزدەشنى ھازىردىن باشلاپ توختىتامدۇق - قانداق؟ — دەپ سورىدى گىلېنارۋان.

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن 37 - پاراللېلنىڭ قايسى دۆلەتلەرنى كېسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشىم لازىم، — دېدى ماك نابىس.

— بۇنى پاگانېلدىن سورىساق بولىدۇ، — دېدى گلېناروۋان قويۇق شاخلار ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ. ئۇ يەنە:

— پاگانېل، 37 - پاراللېل قايسى دۆلەتلەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئامېرىكىدىن چىقىپ، ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئاندىن تىرىستاندا - كونىيە ئاراللىرى يېنىدىن ئۆتۈپ ئىككى گرادۇس جەنۇبتا ئۈمىد تۇمشۇقىدىن ئۆتىدۇ، ئاخىردا ھىندى ئوكياندىن ئامستېردام تاقىم ئاراللىرىدىكى سان - پېتىر ئارىلىنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ. ئاخىردا ۋىكتورىيە ئۆلكىسىدىن چىقىپ، ئاۋستىرالىيىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ.

پاگانېلنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پاگانېل دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن پەسكە يىقىلدى. ئۇ شاختىن - شاخقا ئۇرۇلۇپ تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈۋاتاتتى. مايور كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى شاققىدە تۇتۇۋالدى.

— بىز يەنە بىر قېتىم بىپەرۋالىق قىپتۇق، بىز كاپىتان گرانتنى ئۇ ئىلگىرى زادىلا كېلىپ باقمىغان يەردىن ئىزدەپتۇق، — دېدى.

بۇ گەپ ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى.

جۇغراپىيە ئالىمى پاگانېل چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:



— بابا مەن ئاۋستىرالىيە دېگەندە كالامغا بىر پىكىر كەلدى. ئەسلىدە ھېلىقى خەتتىكى جەنۇبىي يېرىم شار دېگەن سۆزنى ئاۋستىرالىيىنىڭ ئالدىنقى يېرىم قىسمى دەپ چۈشىنىش كېرەككەن. «ئىندىئانلار» دېگىنى شۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالە دېگەن سۆز. پاتاگونىيىلىكلەر دېگىنى بولسا، «ئىنتايىن خەتەرلىك!» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك.

بۇ قېتىم پاگانېلنىڭ سۆزىگە ھەممەيلەن بارىكاللا ئوقۇپ، ئۇنى ماختاپ كېتىشتى. ئەمدى ئۇلار ئاۋسترا-لىيىگە بارماقچى بولدى.

كەچ سائەت 11 لەردە، يىراقتىن گۈلدۈرلىگەن چاقماق ئاۋازى ئاڭلاندى. توختىماي چېقىۋاتقان چاقماق-لارنىڭ شەكىللىرىمۇ ھەر خىل ئىدى. تۇيۇقسىزدىن پۈتكۈل ئاسماندا شەرقتىن شىمالغا يېيىلىپ ئۆتكەن فوسفورسىمان يورۇقلۇق پەيدا بولۇپ، پۈتۈن ئۇپۇقنى قاپلىدى، ئومبۇ دەرىخى دەل ئاشۇ ھەيۋەتلىك ئوت دولقۇنىنىڭ مەركىزىدە ئىدى. بىردەم ئۆتمەيلا، ئاسماننىڭ تېگى تېشىلىپ كەتكەندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

بىردىنلا توم ئوستىن ۋارقىراپ كەتتى:

— دەرەخكە ئوت كەتتى!

ئومبۇ دەرىخنىڭ غەرب تەرىپىگە ئوت كەتكەنىدى. شامال ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى، ئەھۋال بەكمۇ

خەتەرلىك ئىدى.

— سوغا سەكرەڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى گىلېنارۋان.

كىيىملىرىگە ئوت تۇتىشىشقا باشلىغان ۋىلسون بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. لېكىن ئۇ سۇغا چۈشۈپلا ھودۇقۇپ، «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلىغىلى تۇر-دى. ئۇنى ئوستىن سۇدىن تارتىۋالدى. ئەسلىدە ئون نەچچە تىمساھ دەرەخنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەنىكەن.

ئۇلار ئەمدى ھېچقانداق ئۇمىد قالمىغاندەك ھېس قىلىشتى، ھەتتا مايورمۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ:

— ئەمدى ھېچقانداق ئامال يوقتەك قىلىدۇ، — دېدى.

گولدۇرماما سەل پەسەيدى، لېكىن بۇ چاغدا قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئومبو دەرىخىگە يېقىنلىشىپ كەلدى. قويۇن ئىچىدە ئومبۇ دەرىخى تەۋرىنىپ، يىلتىزلىرى بوشاپ كەتتى، لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان شاخلار سۇغا چۈكتى. شۇنچە ھەيۋەتلىك ئومبو دەرىخى قويۇن ۋە كەلكۈننىڭ كۈچى بىلەن سۇدا ئېقىشقا باشلىدى.

ئومبو دەرىخى بىپايان سۇدا ئىككى سائەتتەك لەيلەپ يۈرگەن بولسىمۇ، بىرەر قۇرۇقلۇق كۆرۈنمىدى. دەرەخنىڭ شاخلىرىدىكى ئوت ئاستا - ئاستا ئۆچتى. ئەتىگەن سائەت ئۈچلەردە دەرەخ ئاخىر يەرگە ئۆرۈلدى.

ھەممەيلەن دەرەختتىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، خۇشاللىقتىن ۋارقىراپ كېتىشتى. دەل مۇشۇ پەيتتە تونۇش ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى.

تالكاۋ ئۆزىنىڭ ئۇچار ئىتى تاۋكانى چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇ قىرغاقتا ئۆز ھەمراھلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ روبېرتنى چىڭ قۇچاقلىدى. كۆپچىلىك ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن پاتاگونىيىلىك ئۇلارنى گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان چوڭ بىر گۈلخاننىڭ يېنىغا ئەكەلدى. كۆپچىلىك ئىسسىنىپ، قورساقلىرىنى توقلاشتى. تالكاۋ تاۋكانىڭ قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

پاگانېل تالكاۋغا ئۆزىنىڭ پىلانىنى چۈشەندۈردى. كۆپچىلىكتە يېڭىدىن ئۈمىد تۇغۇلدى.

ئەتىسى سائەت سەككىزلەردە ئۇلار يەنە يولغا چىقتى. 36 سائەتتىن كېيىن ئاتلانتىك ئوكيان ساھىلىغا بارغىلى بولاتتى.

ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن سائەت سەككىزلەردە ئۇلار دېڭىز ساھىلىغا كەلدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار«دونكان» نى ئىزدىدى، لېكىن تاپالمىدى. ئۇلار دېڭىز ساھىلىدا بىر كېچە تۈنىمەكچى بولدى.

ئەتىسى تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈۋاتقاندا:

— دونكان! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ھەممەيلەننى ئويغىتىۋەتتى.

ھەقىقەتەن، بەش مىلچە يىراقلىقتىكى دېڭىزدا كېمە ئاستا ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى.

تالكاۋ مىلتىقىنى بەتلەپ، «دونكان» تەرەپكە قارىتىپ ئاسمانغا ئۈچ پاي ئوق ئاتتى.

بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن، توپ ئاۋازى ئاڭلاندى. «دونكان» دېڭىز ساھىلىغا قاراپ كەلدى.

بۇ چاغدا گىلىنارۋان تالكاۋنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە مېڭىشقا تەكلىپ قىلدى. بىراق، تالكاۋ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ يايلاقنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى. گىلىنارۋان نائىلاج ھەمىيىنىدىن بىر قىممەت باھالىق ئىزناكنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. تالكاۋ بۇنى ئېلىپ ناھايىتى تەسىرلەندى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. پاگانېل بولسا ئۇنىڭغا جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ خەرىتىسى بىلەن ئىككى ئوكيان خەرىتىسىنى سوۋغا قىلدى. ئىلگىرى پاگانېل ھەر قېتىم بۇ خەرىتىنى ئاچقاندا، تالكاۋ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قارايتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن، روبېرت بىرىنچى بولۇپ «دونكان» غا چىقتى. كېمىدىكىلەر خۇشاللىقتىن چۇرقىرىشىپ كېتىشتى.

ھەممەيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، گىلىنارۋان ئېلېن، مېرى گرانت ۋە جون مانگلىسقا سەپەردىكى ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى سۆز-



لەپ كېلىپ، ئاخىردا ئۆتكۈر زېھنىنىڭ پاگانېلىنىڭ
ھېلىقى خەتنى باشقىدىن شەرھىلەپ چىققانلىقىنى
ئېيتىپ، ئۇلارغا خەتنىڭ يېڭى مەزمۇنىنى چۈشەندۈردى.

چۈشتە، ئولبېنت كۆپچىلىككە مەززىلىك تاماق
تەييارلىدى. ھەممەيلەن بۇ تاماقنى ماختىشىپ كېتىشتى.
ئۇلار تاماق يېگەچ، قىزغىن پاراڭلاشتى. ئارىلىقتا، گىلېنارۋان جون مانگلىسنىڭ مېرى گرانتقا ئالاھىدە
قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى.
ئېلېنمۇ ئېرىگە بىلىنەر ـ بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ
ئىشارەت قىلدى.

گىلېنارۋان ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئاندىن تېغىغا چىقىۋاتقاندا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش، روبېرتنىڭ غايىب بولغانلىقى، قاندارنىڭ ئۇنى
قامالاپ ئۇچۇپ كەتكەنلىكى، تالكاۋنىڭ قاندارنى ئېتىپ
چۈشۈرۈپ روبېرتنى قۇتۇلدۇرغانلىقى، قىزىل بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمى ھەمدە روبېرتنىڭ جاسارىتى توغرىسىدا
سۆزلەپ بەرگەندە، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار بەزىدە قاقاقلاپ
كۈلۈشۈپ كەتسە، بەزىدە قورقۇپ كېتىشتى، مېرى
بىلەن ئېلېن خانىم روبېرتنى قايتا ـ قايتا قۇچاقلاپ
سۆيۈپ كەتتى.

چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن
ھەممەيلەن ئېلېن گىلېنارۋاننىڭ خاس مېھمانخانىسىغا
كىرىپ، ھەرخىل خەرىتىلەر دۆۋىلىنىپ ياتقان ئۈستەل

ئەتراپىغا ئولتۇرۇشتى، سىر پاگانىلىغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆپچىلىككە سۆزلەپ بېرىشنى ئېيتتى. كۆپچىلىك بۇ پىكىرگە بىردەك قوشۇلدى. گىلېنارۋان «دونكان» نىڭ ئاۋستىرالىيىگە يولغا چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

مايور «دونكان» نىڭ تىرىستاندا ـ كونىيە بىلەن ئامستېردام ئاراللىرىدا بىر ـ ئىككى كۈندىن توختاپ، «برىتانىيە» ناملىق كېمىنىڭ بۇ ئاراللاردا ھالاكەتكە ئۇچرىغان ـ ئۇچرىمىغانلىقىدىن خەۋەر ئېلىپ مېڭىشنى ئېيتتى. ھەممەيلەن بۇ پىكىرگە بىردەك قوشۇلدى.

كېمە ئاخىر يولغا چىقتى. ئەگەر كېمە ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئاۋستىرالىيىگىچە ئېكۋاتور بويلاپ ماڭسا، 12 مىڭ 760 مىل يول يۈرۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن 37 ـ پاراللېلنى بويلاپ ماڭىدىغان بولسا، پەقەت 9 مىڭ 480 مىل يول يۈرسىلا بولاتتى. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ قىرغىقى بىلەن تىرىستاندا ـ كونىيە ئاراللىرىنىڭ ئارىلىقى 2 مىڭ 100 مىل كېلەتتى. جون مانگلىس بۇ مۇساپىنى ئون كۈندە بېسىپ بولۇشنى مۆلچەرلىدى.

ئۇلارنىڭ سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولدى. كېمە تىرىستاندا ـ كونىيىگە مۆلچەرلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە «دونكان» فارموس قولتۇقىغا كىردى. بۇ يەردە كىت ئوۋلىغۇچى كېمىلەردىن بىرنەچچىسى بار ئىدى.

تىرىستاندا ـ كونىيە تاقىم ئاراللىرىنىڭ مەركىزى كىچىككىنە بىر يېزا بولۇپ، بۇ يېزا قولتۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقانىدى. گىلېنارۋاننى ئەنگلىيە ۋالىيسى قوبۇل قىلدى. سىر ۋالىيدىن كاپىتان گاررى گرانت ۋە «برىتانىيە» كېمىسىنى سۈرۈشتۈردى. لېكىن، ۋالىي بۇ ئىسىملارنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىكەن.

گىلېنارۋان كېمىگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، چارلاشقا ئەۋەتىلگەن قېيىقلارمۇ قايتىپ كەلدى. قېيىقلار ئاراللىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، «برىتانىيە» نىڭ ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىغانىدى.

ئەمدى «دونكان» بۇ ئافرىقا ئاراللىرىدىن چىقىپ، شەرق تەرەپكە قاراپ سەپىرىنى بىمالال داۋاملاشتۇرۇۋەرسە بولاتتى. لېكىن، كېمە ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقتى. چۈنكى، سىر كېمىدىكىلەرنىڭ تېيۇلېن ئوۋلىشىغا روخسەت قىلغانىدى. ئۇلار 50 تىن ئارتۇق تېيۇلېن ئوۋلىدى: ئەتىسى ئۇلار تېيۇلېنلارنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، ياغلىرىنى تاماقتا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېرىتىۋالدى.

كېمە ئالتە كۈنگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۇمىد تۇمشۇقىغا يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە يېقىلغۇنى تولۇقلاپ يەنە يولغا چىقتى. ئۇمىد تۇمشۇقىدىن ئۆتۈپ، 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جەنۇبىي كەڭلىك ′24° 37 قا جايلاشقان ئامستېردام ئارىلىغا يېتىپ كەلدى.

بۇ ئارالدا ئۈچ كىشى، يەنى بىر فرانسۇز، يەنە ئاق تەنلىك بىلەن نېگىر نەسلىدىن بولغان ئىككى شالغۇت تۇراتتى. ئۇلار «بىرىتانىيە» ناملىق كېمە ۋە كاپىتان گرانت توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيتتى.

7 ـ كۈنى سەھەر سائەت ئۈچتە «دونكان» ئامستېردام-دىن يولغا چىقتى. بۇ ئۇلارنىڭ 37 ـ پاراللېلنى بويلاپ ئاۋستىرالىيىگە قىلمۇاتقان سەپىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇ-ساپە ئىدى. ئاۋستىرالىيە قىرغىقىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە توپتوغرا ئۈچ مىڭ مىل يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەگەر ئىلگىرىكىدەك غەرب شامىلى چىقىپ، دېڭىز سە-پىرى ئوڭۇشلۇق بولىدىغان بولسا، «دونكان» يەنە ئون كۈندىن كېيىن نىشانغا يېتىپ بارالايتتى.

«دونكان» شەرقىي مېرىدىئان ′113°37 دا كېتىۋا-تاتتى. كېمىدىكىلەر خەرىتىگە قاراپ، كېمىنىڭ بېر-نوللى تۇمشۇقىغا بەش گرادۇسمۇ توشمايدىغان جايدا ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. شۇنداق بولسا، يەنە تۆت كۈندىن كېيىن ئۇپۇقتا بېرنوللى تۇمشۇقى كۆرۈنەتتى. لېكىن، كېيىنكى كۈنلەردە غەرب شامىلى سۇسلىشىپ كەتتى، 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شامال پۈتۈنلەي توختىدى.

كاپىتان بارومېتىرنىڭ تۆۋەنلەپ 73. 09 سانتىمې-تىرغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھاۋا ئۆزگىرىپ، قارا بوران چىقىشىدىن ئەنسىرىدى. لېكىن سىر ئۇنى خاتىرجەملەندۈرۈپ:

— «دونكان» نىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى مۇستەھكەم، كاپىتانى بولسا ماھىر دېڭىزچى، قورققۇدەك ئىش — دېدى.

جون مانگلىس تاڭ ئاتقۇچە ئۆزىنىڭ كۆزىتىش ئورنىدىن قوزغالمىدى. كەچ سائەت 11 لەردە جەنۇب تەرەپنى بۇلۇت قاپلاشقا باشلىدى. جون مانگلىس ئادەملىرىنى چاقىرىپ چىقىپ، كىچىك يەلكەنلەرنى چۈشۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. يېرىم كېچىدە شامال كۈچەيدى. شامالنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ماچتىلار غىچىرلاپ كەتتى.

پاگانېل، گىلېنارۋان، مايور ۋە روبېرتلار پالوبىغا چىقتى.

— قارا بورانمۇ؟ — سورىدى گىلېنارۋان جون مانگلىستىن.

— ھازىرغىچە بوران چىقىۋاتىدۇ، لېكىن بىردەمگە قالمايلا قارا بورانغا ئۆزگىرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى كاپىتان.

بۇ چاغدا، تۇيۇقسىز چىققان بىر چىرقىراق ئاۋاز بوراننىڭ گۈركىرىشىنى بېسىپ كەتتى. پار قازىنىدىكى ھور بىردىنلا ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. سىگنال ئاۋازى بەكلا قاتتىق ئىدى. كېمە بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ كەتتى، پار ماشىنىسى بۇزۇلغانىدى.

جون مانگلىس يولىدىن ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن

ئەڭ كىچىك يەلكەنلەرنى چىقىرىپ، كېمىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى.

«دونكان» نىڭ قېيىسىيىشىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى. كېمىنىڭ ياغاچلىرىمۇ غىچىرلاپ كەتتى. بىر نەچچە قېتىم ئاساسىي ماچتىنىڭ يان تا-ياقلىرى دولقۇن ئۇچىغا تېگەيلا دەپ قالدى، بۇنى كۆرۈپ ماتروسلارمۇ كېمە ئەمدى چۆكىدىغان بولدى دەپ قور-قۇپ كېتىشتى.

لېكىن «دونكان» يەنىلا تىك بولدى، ئەمما ئۆز يۆ-نىلىشىنى يوقىتىپ قويدى. كېمە قاتتىق تىترەيتتى. ماچتا پاچاق-پاچاق بولۇپ كەتتى.

12-ئاينىڭ 15-كۈنى كۈندۈز ۋە كېچە ئەنە شۇنداق خەۋپ ئىچىدە ئۆتتى. كاپىتان بىر چىشلەممۇ نەرسە يېمىدى. ئۇ كېمىنىڭ خادا تاشلارغا سوقۇلۇپ كېتە-شىدىن ئەنسىرەيتتى. چۈنكى، كېمە قىرغاققا يېقىنلاپ قالغانىدى. كېچە سائەت 11 بولغاندا، جون مانگلىس ئالتە دېڭىز مىلىچە يىراقلىقتا بىر سۇ يۈزىنى كۆرۈپ قالدى. كېمە دەل شۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئالدى تەرەپتە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك زور بىر دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇ، دولقۇننىڭ قاتتىق بىرنەر-سىگە ئۇرۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. بۇ ھال ئىككى دېڭىز مىلى يىراقلىقتا بىر خادا تاشنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. خادا تاشنىڭ ئارقا تەرىپىدە بۇژغۇنلاپ

تۇرغان تىنچ سۇ يۈزى پەيدا بولدى.

جون مانگلىس كېمىدىكى سەپەرداشلىرىنى پالۋىغا چاقىردى. ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالغۇچە، كېمە ھۆجرىلىرىدا قامىلىپ ئولتۇرۇشنى خالىمايتتى. كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەھشەتلىك دولقۇننى كۆرگەن مېرى گرانت قورقىنىدىن تاتىرىپ كەتتى. كۆپچىلىك ئۆزلىرىنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشتى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، جون مانگلىس ئەڭ ئاخىرقى بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى.

— ياغ تۆكۈڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. ماتروسلار ئۇنىڭ مەقسىتىنى دەرھاللا چۈشەندى بولغاي، ناھايىتى چاققانلىق بىلەن تيۈلېن يېغى قاچىلانغان ياغاچ تۇڭلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كېمىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدىكى شادىنىڭ سىرتىغا ئېسىپ قويۇشتى.

20 سېكۇنت ئىچىدە كېمە مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان سۇ توسمىسى ئايرىپ تۇرغان بىر كىرىش ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى.

— كەلدۇق، تۆكۈڭلار! — ۋارقىرىدى ياش كاپىتان.

ھەممە تۇڭلارنىڭ ئاغزى بىراقلا دېڭىزغا قارىتىپ ئېچىلىپ، ياغ بۇلدۇقلاپ دېڭىزغا قويۇلۇشقا باشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە سۇغا تۆكۈلگەن ياغلار دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز يۈزىنى تىنچلاندۇردى. «دونكان»

تىنچلانغان دېڭىز يۈزىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ، ناھايىتى تېزلا تىنچ سۇ رايونىغا كىرىۋالدى.

«دونكان» ئاخىر دېڭىز بورىنىنى توسۇپ تۇرىدىغان قورام تاشلار ئارىسىدىكى بىر كىچىك قولتۇققا كىرىۋالدى.

«دونكان» شۇ تاپتا شەرقىي مېرىدىئان 136°12′ جەنۇبىي كەڭلىك 35°7′ تا، يەنى جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە-نىڭ بۇرجىكىدە بولۇپ، بېرنوللى تۇمشۇقى بىلەن بولغان ئارىلىقى 30 دېڭىز مىلى كېلەتتى.

«دونكان» نىڭ پار ماشىنىسى كاردىن چىقايلا دەپ قالغانىدى. گىلىنارۋان بىلەن كاپىتان جون مانگلىس ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىر يەلكەنلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئاۋستىرالىيە قىرغاقلىرىنى بويلاپ مېڭىپ «برىتانىيە» ناملىق كېمىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش، بېرنوللى تۇمشۇقىدا توختاپ، ئۇ يەردىمۇ بۇ كېمىنى سۈرۈشتە قىلغاندىن كېيىن، مېلبورنغا بېرىپ شۇ يەردە كېمىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇۋېلىش، ئاندىن ئاۋستىرالىيىنىڭ شەر-قىي قىرغاقلىرىغا بېرىپ «برىتانىيە» نى ئىزدەش خىزمىتىنى تاماملاشنى قارار قىلىشتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي قارا بوران پەسىيىپ، غەربىي جەنۇب شامىلى چىقىشقا باشلىدى. 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «دونكان» بارلىق يەلكەنلىرىنى چىقىرىپ، ماتورلۇق

كېمىلەرنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنى بويلاپ تېز مېڭىشقا باشلىدى.

ئەتىسى «دونكان» دىكىلەر قىرغاقتا ئوڭچۇشلۇق چىقتى. ئۇلار قىرغاقتىكى بىر يوچۇقتىن ئۆتۈپ، تىك قىيالار ئارقىلىق كەڭ كەتكەن بىر تۈزلەڭلىك ئۈستىگە چىقتى، بۇ بىر چوڭ قاقاسلىق ئىدى. لېكىن، يىرقتىن خېلى تۈزۈكلا ئۆيلەر كۆرۈندى.

— تۈگمەن! — دەپ ۋارقىرىدى روبېرت.

ئۈچ مىلچە يىرقلىقتا ھەقىقەتەنمۇ بىر شامال تۈگمىنىنىڭ پالاقلىرى توختىماي ئايلىنىۋاتاتتى.

يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلار ياپيېشىل دەرەخلەر بىلەن قاشالانغان يېڭى بىنا قىلىنغان بىر چارۋىچىلىق مەيدانىغا كېلىشتى. بۇ يەردە ئاددىي بول-سىمۇ ناھايىتى ئازادە ئۆيلەر بار ئىدى.

يات ئادەملەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزگەن تۆت ئىت بىرقلا قاۋاپ كەلدى. ئىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، 50 ياشلاردىن ئاشقان ئىللىق چىراق بىر كىشى ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاملاشقان، بەستلىك بەش ئوغلى بىلەن ئايالىمۇ پەيدا بولدى. ئۇلار كۆپچىلىك بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، خۇددى كونا تونۇشلاردەك قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىشتى. چۈشلۈك غىزا ناھايە-تى مول بولدى. ئۇلار غىزالانغان قىزغىن پاراڭلاشتى. پاددى ئومور ئۆزىنىڭ كۆچۈرمىشلىرىنى كۆپچىلىككە

سۆزلەپ بەردى. گىلېنارۋان ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتى.

پاددى ئومور بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان بىرىنوللى تۇمشۇقىنىڭ جەنۇبى ياكى شىمالىدا بولسۇن بىرەرمۇ كېمىنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىمىغانلىقىنى ئېيىتتى. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىغاندا، تۇيۇقسىز ئاردىن كىمدۇر بىرى:

— ئۈمىد ئۈزمەڭ سىر، كاپىتان گرانت ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە ئاۋستىرالىيىدە، — دېدى.

بۇ گەپنى پاددى ئومۇرنىڭ خىزمەتچىسى ئايىرتون دېگەنىدى. ئۇ:

— سىر، مەنمۇ «برىتانىيە» ناملىق كېمىدىكى ھالاكەتكە ئۇچرىغان ماتروسلارنىڭ بىرى، — دېدى. كۆپچىلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشتى.

45 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئادەم ئوتتۇرا بوي، سۇرلۇك، مىجەزى چۇس بولۇپ، چىرايىدىن تېخى يېقىندىلا نۇرغۇن ئازابلارنى تارتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

گىلېنارۋان ئۇنىڭدىن نۇرغۇن گەپلەرنى سورىدى. ئايىرتون بۇلارغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى. يەنى كېمىنىڭ 1862 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېچىدە شەرقىي قىرغاقتا خادا تاشقا ئۇرۇلغانلىقىنى ئېيىتىپ بەردى، بۇ دەل 37 ـ پاراللېلغا توغرا كېلەتتى.

ئايرتون «برىتانىيە» ناملىق كېمىنىڭ تىنچ ئوكياندىكى سەپىرىنى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، «برىتانىيە» 1862 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كالياۋ پورتىدىن يولغا چىققان. ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن شىددەتلىك بوران كېمىنى كاردىن چىقارغان، كېمىنىڭ ئاستىدىن سۇ كىرىشكە باشلىغان. كېمە سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرۈپ سەككىز كۈندىن كېيىن، يەنى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېچىدە ئاۋستىرالىيىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقى كۆرۈنگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، «برىتانىيە» زەرب بىلەن تاشقا ئۇرۇلغان. دەل شۇ چاغدا دولقۇن ئايرتوننى ئېقىتىپ كېتىپ، يەرلىك ئادەملەر تەرىپىدىن قورۇقلۇقتا ئېلىپ چىقىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ «برىتانىيە» دىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغان. 1864 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كېچىسى ئۇ يەرلىك ئادەملەرنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ قېلىن ئورمانلىق ئىچىدە توپتوغرا بىر ئاي يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن، كېيىن پاددى ئۇنى خىزمەتكارلىققا ئېلىپ قالغان.

ئايرتون ئەمدىلا سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇشىغا، مايور ئۇنىڭدىن:

— سىزنىڭ «برىتانىيە» ناملىق كېمىنىڭ ماتروسى ئىكەنلىكىڭىزنى قانداق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئايرتون چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىلا ئۆزىنىڭ «برىتانىيە» دە ئىشلىگەن چاغدىكى گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ كىردى. بۇ گۇۋاھنامىگە كاپىتان گرانت ئۆزى قول قويغانىدى. مېرى گۇۋاھنامىنى كۆرۈپلا دادىسىنىڭ ئىمزاسىنى تونۇۋالدى. ئايرتون كاپىتان گرانتلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش، يەرلىك ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئىچكى قورۇقلۇققا ئېلىپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، شۇڭا كېمىنى ھالاكەت يۈز بەرگەن جايغا ھەيدەپ بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىسە بەلكىم بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى.

— بولىدىغان گەپ، — دېدى گىلېنارۋان، — ئەمما، «دونكان» رېمونت قىلىنىپ بولغۇچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. پاگانېل كېمىنى مېلبورندا رېمونت قىلىشقا قالدۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئاۋستىرالىيىنى پىيادە كېسىپ ئۆتۈپ 37 ـ پاراللېلنى بويلاپ مېڭىشىنى، ئەگەر كاپىتان گرانتلارنى يول ئۈستىدە تاپالىسا مېلبورنغا بىللە قايتىشنى، ناۋادا تاپالماي قالسا ئۇدۇل دېڭىز تەرەپكە قاراپ ئىزدەپ مېڭىشنى تەكلىپ قىلدى.

پاگانېل يەنە:

— بۇ يەرلەردە يەرلىك ئادەملەر ناھايىتى ئاز، يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ، سۈرگۈن قىلىنغانلارمۇ يوقكەن، 350 مىلچە يولنى بىر ئايغا قالمايلا بېسىپ بولىمىز، — دەپ قوشۇپ قويدى.



گىلىنارۋان ئايرتونىنىڭمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىرگە بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئايرتون بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، بىللە بېرىشقا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن گىلىنارۋان ئۇنىڭدىن:

— بىز «دونكان» بىلەن قەيەردە ئۇچرىشىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— مېلبورندا ئۇچرىشىمىز، ئەگەر شەرقىي قىرغاقىچە ئىزدەپ بارساق، ئۇ چاغدا شەرقىي قىرغاقتا ئۇچرىشايلى، — دېدى. كۆپچىلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى، پەقەت پاددى ئومورلا بىر ئىشلەمچان خىزمەتكاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولدى.

گىلىنارۋان پاددى ئومورگە ئاۋستىرالىيىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشكە كېرەكلىك قاتناش قورالى هازىرلاپ بېرىشنى هاۋالە قىلدى. بۇ سودىمۇ پۈتۈپ، كۆپچىلىك كېمىگە قايتىپ كېلىشتى.

كاپىتان گىلىنارۋانغا ئۆزىنىڭمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ:

— توم ئوستىن ياخشى دېڭىزچى، ئۇ كېمىنى بەلگىلەنگەن يەرگە ئۆز ۋاقتىدا ئاپىرالايدۇ. جانابىڭىز ئۇنىڭغا خۇددى ماڭا ئىشەنگەندەكلا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

— بولىدۇ جون، سىز بىز بىلەن بىللە بېرىڭ، — دېدى گىلىنارۋان.

ئۇلارنىڭ قاتناش قورالى — ئاياللار ئولتۇرىدىغان كالا هارۋىسى ۋە ئەرلەر مىنىدىغان ئات تەييار بولدى. هارۋىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 ئىنگلىز چىسى بولۇپ، هار- ۋىنىڭ ئۇستى يېپىلغان، تۆت چاقى دۈگىلەك ياغاچتىن پۇختا ياسالغانىدى. ئۇنىڭغا ئۇچ جۈپ ئۆكۈز ئىككى رەت قىلىنىپ قوشۇلاتتى. ئايرتون هارۋا ھەيدىيەلەيدىغانلى- قىنى ئېيتىپ، هارۋىنى ئۆزى ھەيدىمەكچى بولدى. هارۋىنىڭ ئىچى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئالدى تەرىپىدە ئېلىپ بىلەن مېرى ئولتۇرىدىغان، كەينى تەرىپىگە ئوزۇق - تۈلۈك، يۈك - تاق ھەم دالا ئوچىقى قاتارلىقلار جايلاشتۇرۇلىدىغان بولدى. ئاخشىمى سالقىن چۈشكەندە، ئالدى - كەينىدىكى يوپۇقنى چۈشۈرۈۋەتسە سوغۇقتىن دالدا بولاتتى. يامغۇر يېغىپ قالسا، ئەرلەرمۇ پاناھلىنىشقا بولاتتى. ئادەتتە ئەرلەر كېچىنى چېدىردا ئۆتكۈزەتتى.

پاددى ئومور گىلېنارۋانلارنى يوقلاپ كەلگەندە، ئايرتون ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىپ «دونكان» غا چىقتى. ئۇ كېمىنى ئىنچىكىلەپ كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، «دونكان» قالتىس كېمىكەن، دەپ ماختىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ كېمىنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان ماتروس ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ ماتروسنىڭ چىراي - شەكلى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى

مايورغا بىرئاز سىرلىقتەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

ئۇلار 1864 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يولغا چىقتى. ئاسترونومىيە نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، بۇ مەزگىل بۇ يەرنىڭ ياز پەسلى ئىدى. گىلېنارۋاننىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى كۈننىڭ ئەڭ ئىسسىق ۋاقتىغا توغرا كەلدى.

12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، كارۋان هارۋىسى ۋىمېرا دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەر دەل شەرقىي مېرىدىئان° 143 ئىدى.

ئايرتون دەريانىڭ تېيىزرەك يېرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. چارەك مىلچە يۇقىرىدا دەريانىڭ خېلى تېيىز يېرى باردەك قىلدى. ئۇ شۇ يەردىن نېرىقى قىرغاققا ئۆتسەك بولغۇدەك، دەپ مۆلچەرلىدى.

هارۋا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغىچە خېلى ئوڭۇشلۇق باردى. لېكىن سۇ بارغانچە چوڭقۇرلىشىپ، هارۋىنىڭ چاقلىرى پۈتۈنلەي چۆكۈپ كەتتى. ئېقىن كالىلارنى قىرغاقتىن چوڭقۇر يەرگە سۈرۈپ كەتكەچكە، كالىلار ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ ماڭالماي قالدى. ئايرتون مىڭبىر تەستە كالىلارنى تارتىپ، تېيىز يەرگە قايتۇرۇپ چىقاردى.

بۇ چاغدا ئويلىمىغان يەردىن هارۋا بىرنەرسىگە سوقۇلۇپ قىڭغىيىپ، هارۋا ئۈستىدىكى ئاياللارنىڭ ئاياغلىرى سۇغا چىلىشىپ قالدى.

كۆپچىلىك بىرلىكتە هارۋىنىڭ چاقىنى ئىتتىرىپ، هارۋىنى ئاستا ـ ئاستا قىرغاققا يېقىنلاشتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، كۆپچىلىك ۋە ئۆكۈزلەر دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ساق ـ سالامەت چىقىۋېلىشتى.

لېكىن، هارۋىنىڭ ئالدى ئوقى سۇنۇپ كەتتى. گىلېنارۋانىڭمۇ ئېتىنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ تاقىسى چۈشۈپ قالغانىدى. بۇنى دەرهال ھەل قىلماي بولمايتتى، ئايرتون شىمال تەرەپتىكى بۇ يەردىن 20 مىلچە كېلىدىغان بىلېي ـ پوينىت دېگەن جايغا بېرىپ تاقىچى باشلاپ كېلىشنى ئېيتتى. بېرىپ كېلىشكە تەخمىنەن 15 سائەتچە ۋاقىت كېتەتتى.

— ئەمىسە دەرهال يولغا چىقىڭ، — دېدى گىلېنارۋان، —سىز كەلگۈچە بىز ۋىمېرا دەرياسى بويىدا بارگاھ قۇرۇپ تۇرىمىز.

ئايرتون ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

قىسقىلا گۈگۈمدىن كېيىن، قاراڭغۇ چۈشتى.

كەچكى تاماقتىن كېيىن، پاگانېل ئېلىن خانىمنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئۇلۇغ ئېكسپېدىتسىيىچى توغرىسىدىكى هېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى.

هېكايىدىكى ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن كاپىتان گرانتنى ئەسلىدى. مېرى گرانتنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى.



مايور ئايرتوننىڭ تاقىچى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىدىن سەل گۇمانلىنىپ قالدى. لېكىن ئۇ گۇماننى ھېچكىمگە ئېيتمىدى.

ئەتىسى، تاڭ يورۇشىغىلا ئايرتون ئات تاقىلايدىغان بىر كىشىنى باشلاپ كەلدى.

ئات تاقىلىغۇچى ئىشنى ناھايىتى چاققان قىلاتتى. ئۆزىمۇ ئاجايىپ كۈچلۈك ئىدى. ئىككى سائەتتە ھارۋىنى ئوڭشاپ بولدى.

گىلېنارۋاننىڭ ئېتىغىمۇ تەييار تاقىدىن بىرنى ئالغاچ كەلگەنىدى. تاقىنىڭ شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، ئالدى تەرىپىگە ئۈچ يوپۇرماقنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەنىدى.

— بۇ بىلېي-پوينىتنىڭ بەلگىسى، — دەپ چۈشەندۈردى بوتسىمان.

گىلېنارۋاننىڭ ئېتىمۇ تاقىلىنىپ بولدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن كۆپچىلىك يولغا چىقتى.

12-ئاينىڭ 29-كۈنى ئۇلار تاغ يولىدىن ماڭغاچقا، ئادەتتىكىدىن ئاستىراق ماڭدى.

سائەت 11، ئۇلار كارلىسبرۇك دېگەن خېلى چوڭ بىر بازارغا كەلدى. بۇ يەردە بانكا، سوت مەھكىمىسى، بازار، مەكتەپ، چېركاۋ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار بولۇپ، ناھايىتى ئاۋات ئىدى. بۇ، يېڭىدىن قۇرۇلغان

شەھەرلەرنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى.

ئۇلار ئالېكساندىر تاغ تىزمىلىرىدىكى باي ـ ئاۋات رايوننى كېسىپ ئۆتۈپ، ئالتۇن چىقىدىغان جايغا يېتىپ كېلەي دېدى. 1852 ـ يىلى بۇ رايونغا ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇن كولىغۇچىلار كەلگەچكە، يەرلىك ئاھالىلارنىڭ كۆپىنچىسى چۆللەرگە قېچىپ كەتكەن، ھازىر بۇ يەر مەدەنىي ئۆلكە بولۇپ قالغاندى.

گۇدۇكنىڭ چىرقىرىشى بىلەن، جەنۇب تەرەپتىن ئاستىلاپ كېلىۋاتقان پويىز تۆمۈريولنىڭ ھارۋا يولى بىلەن كېسىشىدىغان يېرىگە كېلىپ توختىدى.

بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 150 مىل بولۇپ، مېلبورىندىن سېندىفورسقىچە تۇتىشاتتى. ئارىلىقتا كىنىت بىلەن كاستىلمېندىن ئۆتەتتى. شۇڭا، بۇ تۆمۈريول ئۇ يەرلەرگە ناھايىتى كۆپ قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

جەنۇبىي مېرىدىئان 37 ـ پاراللېل تۆمۈر يولنى كاستىلمېندىن بىرنەچچە مىل شىمالدا كېسىپ ئۆتۈپ، لېۋتتون دەرياسىنىڭ ئۈستىدىكى كېمىدىن كۆۋرۈكنىڭ توغرىسىغا ئۆتىدىغان جايغا كېلەتتى. لېۋتتون دەرياسى مىۋررېي دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. ئەترەتتىكىلەر كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

— تۆمۈريولغا بارايلى! تۆمۈريولغا بارايلى!

كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ كۆۋرۈك تەرەپكە قا-

راپ كېتىۋاتاتتى. قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرگەنىدەك قىلاتتى.

گىلىبىنارۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، بىردەمدىلا كېمىدىن كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە پويىزنىڭ رېلىستىن چىقىپ كەتكەنلىكى، پاراۋوز بىلەن بىر ـ نەچچە ۋاگوننىڭ دەرياغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ يەر بۇ يەردە ئۆيۈپ قالغان قانلار، قول ـ پۇتى سۇنغان ئادەملەر، كۆيۈپ كۆمۈرگە ئايلانغان جەسەتلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— كۆۋرۈك سۇنۇپتۇ! — دېدى ئادەملەردىن بىرسى.

— كۆۋرۈك ساپمۇساق تۇرۇپتۇغۇ، قانداقسىگە سۇنغان بولىدۇ! — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى باشقا بىرمىلەن، — پويىز ئۆتۈشتىن بۇرۇن كۆۋرۈكنى تۇتاشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالغان گەپ!

بۇ كۆۋرۈك ئەسلىدە ئوتتۇردىن ئىككىگە بۆلۈنىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ، كېمە كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتمەكچى بولغاندا بۇ كۆۋرۈك ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن.

ھالاكەتكە ئۇچرىغان بۇ پويىز مىلبورندىن كەچ سائەت 11 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە يولغا چىققان 37 ـ قېتىملىق يولۇچىلار تېز پويىزى ئىكەن. ۋەقە ئەتىگەن سائەت ئۇچتىن چارەك ئۆتكەندە يۈز بەرگەنىدى.

ساق قالغان ئەڭ ئاخىرقى ۋاگوندىكى يولۇچىلار بىلەن خىزمەتچى خادىملار قۇتقۇزۇشقا ياردەم سورىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تېلېگراف ستولبىلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەچكە ئالاقىلىشەلمىگەن ئىدى. ۋەقە يۈز بېرىپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئاندىن ساقچىلار كەلدى.

بۇ ئارىلىقتا، گىلېنارۋان باش نازارەتچى بىلەن ساقچى باشلىقىغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاگوننىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغانلىقىنى، قازاغا ئۇچرىمىغاي قالغان بەش ئالتە كىشىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى، كۆۋرۈكنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قەستەن ئايرىۋېتىلگەنلىكى ۋە كۆۋرۈك كۆزەتكۈچىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

دەل ئۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا، ئىككى كىشى كۆۋرۈك ساقلىغۇچىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر سانجىلغان ئىدى. ساقچى باشلىقى بۇ سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ قىلغان ئىشى، دەپ قارىدى.

كاپىتان گرانتنى ئىزدىگۈچىلەر جەنۇبىي كەڭلىك 37 ـ پاراللېلنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى.

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كەچقۇرۇن، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ۋىكتورىيە شتاتىنىڭ چېگرا ياقىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر شەھىرى — سېيمور كۆرۈندى.

كىشىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى، كۆۋرۈكنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قەستەن ئايرىۋېتىلگەنلىكى ۋە كۆۋرۈك كۆزەتكۈچىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

دەل ئۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا، ئىككى كىشى كۆۋرۈك ساقلىغۇچىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر سانجىلغان ئىدى. ساقچى باشلىقى بۇ سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ قىلغان ئىشى، دەپ قارىدى.

كاپىتان گرانتنى ئىزدىگۈچىلەر جەنۇبىي كەڭلىك 37 ـ پاراللېلنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى.

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كەچقۇرۇن، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ۋىكتورىيە شتاتىنىڭ چېگرا ياقىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر شەھىرى — سېيمور كۆرۈندى.

كەچقۇرۇن سائەت توققۇزدا، ئۇلار سېيموردىكى كامبىل مېھمانخانىسىغا كەلدى. كەچ سائەت ئوندا تا- ماققا ئولتۇردى. بۇ چاغدا، بۇ كىچىككىنە شەھەردە خۇددى بىر ئىش يۈز بەرگەندەكلا قىلاتتى.

مايور چىقىپ كېتىپ، ناھايىتى تېزلا ئەھۋالنى بىلىپ كىردى. تاماق يېيىلىپ بولۇپ، ئېلېن بىلەن مېرى گرانت ياتاقلىرىغا كىرىپ كەتكەندى، كېيىن، مايور ئەرلەرگە ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى:

— سېند خۇرست تۆمۈريولدا پويىزنى ھالاكەتكە ئۇچراتقان قاتىللار بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى

پىرت قاماقخانىسىدىن قېچىپ چىققان جىنايەتچىلەر ئىكەن. ئۇلار جەمئىي 29 ئادەم ئىكەن، باشلامچىسىنىڭ ئىسمى بېن ژۇيىس بولۇپ، جېنىنى قولىغا ئېلىپ قويغان ۋەھشىي قاراقچى ئىكەن. ئۇلار ھازىرغىچە تۇتۇلماپتۇ، — دېدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆپچىلىك قايسى يول بىلەن مېڭىش ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتى.

ئايرتون جەنۇب ياكى شەرققە قاراپ مېڭىش ئوخشاشلا خەتەرلىك دەپ قاراپ:

— مېنىڭچە، شۇنچە ياخشى قوراللار بىلەن قوراللانغان سەككىز ئەزىمەت 20 نەچچە قاراقچىدىن قورقمىساقمۇ بولىدۇ. شۇڭا يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەيلى، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىلاننى ئۆزگەرتمەي، داۋاملىق ماڭىدىغان بولۇشتى.

ئەتىسى، ئۇلار ميۇررېي شتاتى — «نېگىرلار رايونى» غا كىردى. ئېينى يىللاردا ئەنگلىيە كۆچمەنلىرى يەرلىك قەبىلىلەرنى بۇ يەرگە مەجبۇريي قىستاپ ئەكىلىپ قويغانىدى. بۇ يەرلەر قارىماققا بىرمۇ ئادەم يوقتەك كۆرۈنەتتى. كىشىلەر پاناھلانغان جاي ياكى چېدىر تىككەن ئىزنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. دالا ئورمانغا تۇتىشاتتى. ئورمان ئاخىرلاشسا، يەنە دالا باشلىناتتى. ئۇشتۇمتۇت روبېرت:

— قاراڭلار، مايمۇن! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھەممىيلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ يۈرگەن بىر نەرسىنى كۆردى.

— ئۇ قانداقمۇ مايمۇن بولسۇن؟ — دېدى پاگانېل، — ئۇ ئاۋستىرالىيىنىڭ يەرلىك ئادىمى!

دېگەندەك، كۆپچىلىك تېخى يۈز قەدەممۇ ماڭماي تۇرۇپلا ئويلىمىغان يەردىن يەرلىكلەرنىڭ پاناھگاھىغا كېلىپ قالدى.

بۇ جاي شۇنچىلىك ۋەيرانە ئىدىكى، داق يەرگە تىكىلگەن 20 گە يېقىن چېدىر بولۇپ، ئەتراپتىكى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن كېنگۇرۇ تېرىسىنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان 30 چە ئەر ـ ئايال ۋە بالىلار ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇلارنىڭ بويى پاكار، تېرىسى قارا، چاچلىرى پاخپايغان، قوللىرى ئۇزۇن، قورساقلىرى پومپىيىپ چىققان بولۇپ، تۈك باسقان بەدىنىگە ھەر خىل بوياقلار بىلەن تۈرلۈك شەكىللەرنى سىزىۋالغانىدى.

ئېلېن بىلەن مېرى ھارۋىدىن چۈشۈپ، ئۇلارغا يېمەكلىك بەردى. ئۇلار خۇددى ئاچ قالغان بۆرىلەردەك يېمەكلىكلەرنى تالىشىپ، بىردەمدىلا يەپ بولۇشتى.

ئەترەتتىكىلەر شەرقىي كەڭلىك'146°15 تا بىر كېچە قونۇپ، تىنچ ـ ئامان تاڭ ئاتقۇزغاندىن كېيىن، 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە يەنە يولغا

چىقىپ، بۇ بىپايان زېمىنىنى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى باشلىدى. گىلېنارۋاننىڭ ئېيتى يول بويى بىلېي - پويىنتىنىڭ تاقىسىدىكى ئۈچ يوپۇرماقلىق بەلگىنى قالدۇرۇپ ماڭدى.

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئالىپ تاغ تىزمىسى نامايان بولدى. بۇ ئاجايىپ تاغ تىزمىسى 1500 مىل ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بولۇپ، ئېگىز - پەس يوللاردا مېڭىش تەس ئىدى، كاللار هارۋىنى كۆچەپ تارتىپ، خېلىلا تەستە مېڭىۋاتاتتى.

جون مانگلىس ئىككى ماتروس بىلەن بىللە بىرقانچە يۈز قەدەم ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بەزىدە پالتا بىلەن چاتقاللارنى چېپىپ يول ئېچىشقا مەجبۇر بولاتتى.

كەچقۇرۇن ئۇلار تاغ باغرىدىكى كوبونگىرا دەپ ئاتىلىدىغان ساي ياقىسىدا تۈنىدى.

ئەتىسى يول تېخىمۇ قىيىنلاشتى، ئۇلار بىرەر سائەتتەك مېڭىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغاندەك قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئويلىمىغان يەردىن بىر ۋەيرانە قاۋاقخانىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار قاۋاقخانىغا كىرىپ ئازراقتىن هاراق ئىچكەچ، باشقىلاردىن يولنى سورىۋالدى.

ئۇلار قاۋاقخانىدىن چىقىۋېتىپ، بىن ژۈيىسنى تۇتۇپ بەرگەن ئادەمگە 100 فوند ستېرلىڭ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلاننى كۆرۈپ قالدى، گىلېنارۋان

قاۋاقخانا خوجايىنىنىڭ چىرايىغا قاراپلا ياخشى ئادەم بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېزلا يولغا چىقىپ، ليوكنوۋ داۋىنىغا چىقىدىغان يولغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تاغقا چىقىش قىيىنچىلىقى باشلاندى. ئەرلەر پات ـ پات ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. يۇقىرىغا چىققۇچە ئېغىر هارۋىنى كەينىدىن ئىتتىرىشەتتى، پەسكە چۈشكىچە هارۋىنى كەينىدىن تارتىپ تۇرۇشقا، يول ئىتتىك بۇرۇلغان چاغلاردا كالىلارنى هارۋىدىن چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلەتتى، كۆڭۈلسىز بىر ئىش يۈز بەردى: قاتتىق هېرىپ كەت- كەچكىنمۇ ياكى باشقا بىرەر سەۋەبتىنمۇ، ميولرىدىنىڭ ئېتى يېرىم يولدا ئۆلۈپ قالدى.

— مېنىڭ ئېتىمنى مىنىۋال، — دېدى گىلېنار- ۋان — مەن هارۋىغا چىقىۋالىمەن.

ئاۋستىرالىيىدىكى ئالىپ تېغى ئانچە ئېگىز ئەمەس، هالقىپ ئۆتىدىغان داۋانمۇ ئانچە كەڭ ئەمەس ئىدى. ئىككى كۈندىلا تاغنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يول ياخشى ئىدى.

1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇلار تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقتى. ئۇلار تاغ ئۈستىدە تۇنەپ قېلىشتى.

— ئەتىسى ئەتىگەندە كۆپچىلىك تاغدىن چۈشۈشكە باشلىدى. تاغدىن چۈشۈش خېلىلا تېز بولۇۋاتاتتى.

بىراق، تويۇقسىزلا ھاۋا رايىدا ئۆزگىرىش بولۇپ قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ كېتىپ، ئۇلار قىيا تاشلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن تاغدىن كەچقۇرۇن ئاران چۈشۈپ بولدى.

1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە كۆپچىلىك يەنە غەيرەت بىلەن يولغا ئاتلاندى. بۇ چاغدا ئايرتون گىلېنارۋاننى «دونكان» غا ئادەم ئەۋەتىپ، تېززەك شەرقىي قىرغاققا كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىش كېرەك. قىرغاقتىكى ئىزدەش ئىشلىرىدا كېمە بەكرەك لازىم بولىدۇ دەپ قىستاۋاتاتتى. لېكىن مايور بىلەن كاپىتان بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك سەپىرىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئۇلار ئاجايىپ قىرىققۇلاق ئورمانلىقى ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، جۇغراپىيە ئالىمى ئاتنىڭ ئۈستىدە دەلدەڭشىۋاتقاندەك قىلدى ـ يۇ، بىردىنلا ئېتى بىلەن تەڭلا يەرگە يىقىلدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئېتىمۇ تويۇقسىزلا ئۆلۈپ قالغانىدى.

گىلېنارۋان خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇ، ئاتلارنىڭ «ۋابا» كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. كەچقۇرۇن ۋىلسىننىڭ ئېتىمۇ ئۆلدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى بىركالىمۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قالدى.

ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان گىلېنارۋان بىلەن جون

مانگلىس تىرىك قالغان ئاتلارنى كۆزدىن كەچۈردى. قالغان باشقا ئاتلار خېلى تىمەن كۆرۈنەتتى.

ئەتىسى، 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەپەر ناھايىتى ئو- ڭۇشلۇق بولدى. ھېچقانداق پالاكەت يۈز بەرمىدى.

ئۇلار 15 مىلغا يېقىن يول باستى، مۇشۇنداق ماڭ- سا، كەچكىچە سنو دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ تو- نەشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولاتتى.

كەچ كىرگەندە، كۈتۈلمىگەندە ئايرتوننىڭ ھەيدەپ مېڭىۋاتقان ھارۋىسى بىردىنلا چاقىنىڭ يېرىمىغىچە پې- تىپ قالدى.

— ئېھتىيات قىلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئايرتون ھارۋىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقانلارغا.

ھارۋا بارغانسېرى لايغا چوڭقۇرلاپ پېتىپ كېتىۋاتاتتى. نائىلاج ئۇلار شۇ يەردە تۈنەپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئايرتون مىڭ مۇشەققەتتە قورسىقىغىچە لايغا پې- تىپ قالغان ئۈچ ئۆكۈزنى تارتىپ چىقىۋالدى. ئۇلار ئاددىيلا غىزالىنىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. سائەت 11 لەردە مايور بىردىنلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ، دەرەخلەر ئارىسىدا پىلىلداپ يېنىۋاتقان بىر يورۇقلۇقنى كۆرۈپ قالدى.

ئارقىدىنلا ماك نابىسمۇ ئورمان ياقىسىدا قانداقتۇر بىر ـ قانچە ئادەم سايىسىنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدى.

مايور يەرگە يېتىپ، دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. بىرنەچچە ئادەم بىردەم ئېگىشىپ ـ بىردەم ئۆرە تۇرۇپ، يەردىن بىرنەرسە ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى، مايور ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

كېچە شۇنچە تەستە ئۆتتى. سەھەر سائەت ئىككىدە يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. گىلېنارۋان بىلەن ھەمراھلىرى هارۋىغا چىقىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. مايورنىڭ يوقلۇقىغا ھېچكىممۇ دىققەت قىلمىدى.

ئاخىر تاڭ ئاتتى. يامغۇرمۇ توختىدى. گىلېنارۋاننىڭ ھەممىدىن كۆپ ئويلىغىنى هارۋا ئىدى. ئېغىر هارۋا چوڭقۇر بىر ئۆرەك پاققاقتا پېتىپ قالغانىدى، ئۇنى تارتىپ چىقىرىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

گىلېنارۋان، ئىككى ماتروس، كاپىتان ۋە ئايرتونلار ئاتلار بىلەن كالىلارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئورمانغا كىرىپ كېتىشتى. ئات ۋە كالىلارنى هارۋىغا قوشۇپ، هارۋىنى تارتىپ چىقىرىش كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلارنى تاپالمىدى. گىلېنارۋان چۈشەپ قويۇلغان ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە ھەيران بولدى. قانداقسىگە يوقاپ كەتكەندۇ؟

ئۇلار بىر سائەتتەك ئىزدىدى. گىلېنارۋان ئەمدىلا قايتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا ئاتنىڭ كىشنىگەن ۋە كالىلارنىڭ مۆرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

ئەسلىدە ئۇلار چاتقاللىقلار ئارىسىغا كىرىۋالغان ئىكەن.

ئۇلار يۈگۈرۈپ بېرىپ، تۇرغان جايىدا قېتىپلا قېلىشتى. ئىككى كالا بىلەن ئۈچ ئات ئىلگىرى ئۇش-تۇمتۇت ئۆلۈپ كەتكەن ئات ـ ئۇلاغلارغا ئوخشاش يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئۇلار ئامان قالغان بىر كالا بىلەن بىر ئاتنى يېتىلەپ قايتىپ كېلىشتى.

مايور ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان هالدا، ئايرتونغا:

— ۋىممېرا دەرياسى بويىدا ھەممىلا ئاتنى تاقىلى-تىۋەتكەن بولسىڭىز بوپتىكەن، مانا ئەمدى پەقەت شۇ تاقىلىغان ئاتلا ئامان قالدى، — دېدى.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مايورنىڭ ئايرتوندىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

مايور ئۇنى ھېلىقى تۈرمىدىن قاچقان مەھبۇسلار-نىڭ شېرىكىمىكىن دەپ ئويلاۋاتقان بولمىسۇن يەنە، — دېدى پاگانېل.

ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپەرنىڭ پىلانى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشتى. ئۇلار شۇ تاپتا سنو دەرياسى بويىدا، يەنى 37 ـ پاراللېلدا — شەرقىي مېرىدىئان 147°53′دا، توفولد قولتۇقىدىن 75 مىل، مېلبورندىن 200 مىل يىراقلىقتا ئىدى؛ يەنە 35 مىل يول يۈرۈپ ۋىكتورىيىگە بارسا، قاتناش قورالىنى ھەل قىلغىلى بولاتتى. ئارقىدىنلا ئۇلار «دونكان» نى

چاقىرتىپ كېلىش ـ كەلمەسلىك توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشقا باشلىدى. ئايرتون: «ئالدىمىزدىكى يول ئىنتايىن جاپالىق، پۇتۇنلەي چاتقاللىق، يول يوق، پەقەت پالتا بىلەن دەرەخلەرنى چېپىپ ياكى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ يول ئېچىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ» دېدى.

— سىنو دەرياسىدىن ئۆتۈش تېخىمۇ جاپالىق، — دېدى ئايرتون سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇنىڭ ئۈچۈن بەلكىم دەريا سۈيىنىڭ تارتىلىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

كۆپچىلىك ئايرتوننىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، يەنى ئەترەت مۇشۇ جايدا مەنزىل قۇرۇپ، «دونكان» نىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان، توم ئوستېننىڭ قېشىغا بىر ئادەمنى ئەۋەتىپ كېمىنى توفولىد قولتۇقىغا ئەكەلدۈرۈپ، «دونكان» دىكى ماتروسلار توفولىد قولتۇقىدىن قاتناش قورالى تېپىپ بۇ يەرگە ياردەمگە كېلىدىغان بولدى. مۇشۇنداق بولغاندا پەقەت بىر ھەپتىلا ۋاقىت كېتەتتى، بۇ قېتىمقى ۋەزىپە ئېغىر، جاپالىق ھەم خەتەرلىك ئىدى. كىمنى ئەۋەتىش كېرەك؟ ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ بېرىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. ئايرتون:

—رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن باراي. چۈنكى، بۇ ئۆلكە ماڭا ھەممىدىن بەك تونۇشلۇق، — دېدى.

— توغرا گەپ قىلدىڭىز، — دېدى گىلېنارۋان،



— ئايرتون، سىز ھەم ئەقىللىق ھەم باتۇر، سىز چوقۇم ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسىز!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بوتىسماننىڭ كۆزلىرىدە مەغرۇرلۇق نۇرلىرى چاقنىدى. بۇنى جون مانگلىس دەرھال سېزىپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئايرتونغا نىسبەتەن قوزغالغان ئىشەنچسىزلىك بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا ئىدى. ئايرتون سەپەرگە تەييارلاندى. گىلېنارۋان توم ئۇستىنگە خەت يېزىپ، دەرھال توفولىد قولتۇقىغا يېتىپ كېلىشكە بۇيرۇق بەردى ھەم ئايرتون ئىشەنچلىك ئادەم دەپ قوشۇپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا، مايور غەلىتە بىر ئاھاڭدا:

— ئايرتوننىڭ ئىسمىنى قانداق يازدىڭىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— «ئايرتون» دەپ يازدىم شۇ، — دېدى گىلېنارۋان جاۋاب بېرىپ.

— توغرا ئەمەس، — دېدى مايور خاتىرجەملىك بىلەن، — بۇ ئىسىم ئېيتىلىشتا «ئايرتون» دەپ ئېيتىلسىمۇ، يېزىلىشتا «بېن ژۇيس» دەپ يېزىلىدۇ.

بېن ژۇيس دېگەن ئىسىم ئېغىزدىن چىقىشى ھامان، ئايرتون دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تاپانچىسىنى چىقاردى-دە، «گۇم» قىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ گىلېنارۋان يەرگە يىقىلدى. تاشقىرىدا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

كۆپچىلىك ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ بىر ژۆيىسقا ئىتىلماقچى بولغاندا، قاچقۇن ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولۇپ، ئورمان ياقىسىغا مۆكۈنۈۋالغان شايكىلىرىنى ئىزدەپ كەتكەنىدى. گىلىنارۋان ھىلىمۇ ياخشى يېنىك يارىلانغانىدى. پۇختا ياسالغان هارۋىنىڭ ئىچىدىكى بىخەتەر جايغا ياتقۇزۇپ قويۇلدى.

بۇ ئىشلار بەكلا تۇيۇقسىز بولدى. جون مانگلىس ئورماننىڭ ئەتراپىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ چىقتى. بىر ژۆيىس كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازىمۇ تەڭ بېسىقتى.

مايور بىلەن جون مانگلىس ئورمانغىچە بېرىپ چارلاپ كەلدى، قاراقچىلار بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشكەنىدى. مايور ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىدى. ئۇ گۇلخانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

قاراقچىلارنىڭ شۇنچە تېزچېكىنىشى بەكلا غەلىتە بىر ئەھۋال ئىدى، بۇ ھال ئۇلارنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. شۇڭا ئۇلار دائىم ھوشيار بولۇپ، ھارۋىنى ئىستىھكام قىلىپ، ھەر سائەتتە ئىككى كىشى ئالمىشىپ نۆۋەتچىلىك قىلىشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىنلا، مايور كۆپچىلىككە ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى — سۇرگۇن قىلىنغان بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ قاچان تۈرمىدىن قاچقانلىقى، ئايلانما كۆۋرۈكتە يۈز بەرگەن ھالاكەتنى قانداق سادىر قىلغانلىقىنى

سۆزلەپ بەردى.

مايور يەنە ئايرتوننىڭ ۋىمپرا دەرياسى بويىدا تۆمۈرچى بىلەن سىرلىق كۆز قىسىشقانلىقى، شەھەر ۋە قىشلاقلاردىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ دائىم ئىككىلىنىپ قېلىشى، ئۇنىڭ ھە دېسە «دونكان» نى شەرقىي قىرغاققا چاقىرتىشنى ئىلتىماس قىلىشى، ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ سىرلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى كۆزەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنىڭ بىرخىل سىرلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

تۈنۈگۈن كېچىدە، مايور ئېگىز ئۆسكەن چاتقاللار-نىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ مەنزىلدىن يېرىم مىل نېرىدىكى گۇمانلىق كۆلەڭگىلەرنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇلار يەردىكى يېڭى ئىزلارنى ئىزدەۋاتقان ئىكەن. ماك نابىس ئۇلاردىن بىرىنىڭ بىلىپ ـ پويىنتتىن كەلگەن ھېلىقى تۆمۈرچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالغان. مايور يەنە:

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسىنىڭ «ئاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى، گاسترولوبنوم بولمىغان ئوت ئىكەن» دېگەنلىكىنى، تۆمۈرچىنىڭ «ئايرتوننىڭ قولىدىن ھەقىقەتەن ئىش كېلىدۇ جۇمۇ، ئۇ كېمىنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى تازىمۇ كېلىش-تۈرۈپ توقۇدى. ناۋادا ئۇنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشسا، بىز تازىمۇ پۇللۇق بولۇپ كېتىمىز ـ دە!» دېگەنلىكىنى

بىر ـ بىرلەپ سۆزلىگەندىن كېيىن، سېر ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشىنىپ:

— دېمەك، بۇ مۇتتەھەم «برىتانىيە» ناملىق كېمىنىڭ ماتروسى ئەمەسكەن، بەلكى يالغاندىن شۇنداق بولۇۋالغان ئىكەن ـ دە، — دېدى.

مايور يەنە:

— بىن ژۈيىس ئۇنىڭ جاھانكەزدىلىك قىلغان ۋاقىتدىكى لەقىمى، ئۇنىڭ گاررى گرانتنى بىلىدىغىنىمۇ، «برىتانىيە» دە بولغانلىقىمۇ راست، ئۇنىڭ ئىسمى ھەقىقەتەن ئايرتون: كېمە ھالاك بولدى، دېگەن ئويدۇرمىنى ئايرتون. توقۇپ چىققان. ئەمەلىيەتتە «برىتانىيە» ھېچقاچان سۇ ئاستىدىكى خادا تاشلارغا ئۇرۇلغان ئەمەس، كاپىتان گاررى گرانتمۇ ھېچقاچان ئاۋستىرالىيە قورۇقلۇقىغا چىققان ئەمەس، — دېدى.

ھېلىقى خەتنىڭ خاتا تەھلىل قىلىنىشى «برىتانىيە» نى ئىزدەپ يۈرگەنلەرنى ئىككىنچى قېتىم خاتا يولغا باشلىغانىدى.

كۆپچىلىك دەريا بويىغا كېلىشتى، لېكىن دەريادىن ئۆتۈشنىڭ ھېچقانداق ئامالىنى قىلالمىدى. شىددەتلىك ئېقىۋاتقان سۇغا قاراملىق قىلغىلى بولمايتتى كاپىتان:

مەن ئاتلىق مېلبورنغا بېرىپ «دونكان» نىڭ ماتروسلىرىنى باشلاپ كېلەي — دېدى. لېكىن پاگانېل بولسا جون مانگلىس كېمىنىڭ كاپىتانى، ئۇ خىيىم-

خەتەرگە تەۋەككۇل قىلسا بولمايدۇ، دەپ ئۆزىنىڭ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. باشقىلارمۇ بىزمۇ بارايلى دەپ تالاشتى. ئاخىردا گىلېنارۋان چەك تاشلاشنى قارار قىلىپ، چەككە ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ يازدۇردى.

نەتىجىدە، چەك مىيولرېدقا چىقتى. بۇ سەمىمىي، باتۇر ماتروس خۇشاللىقىدىن «هۇررا» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

گىلېنارۋان توم ئوستىنىغا خەت يازماقچى بولدى. بىراق ئۇنىڭ قولى يارىلانغاچقا، يازماقچى بولغان مەزمۇننى ئېيتىپ بېرىپ، پاگانېل يازدى.

پاگانېل ئاخىرقى سۆزلەرنى يېزىۋېتىپ، بىردىن يەردە تۇرغان «ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېللاندىيە كۇندىلىك گېزىتى» نى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەم بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «لاندىيە...لاندىيە...زېللاندىيە» دەپ پىچىرلىدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق نۇرلىرى چاقنىدى. لېكىن، بۇ خۇشاللىق ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى، بىراق ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ خەرىتىنى ئېچىپ، مىيولرېدقا مېلبورنغا بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە ئۇنىڭ يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتمەي دەپ ھەرگىزمۇ ناتونۇش رايونغا كىرىپ قالماسلىقنى تاپىلىدى.

خەۋپ - خەتەر پەقەت مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا بولۇشى — بېن ژۇيىس شايكىلىرى بىلەن مۇشۇ ئەتراپتا يوشۇ-

رۇنۇپ ياتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

سائەت ئالتىدە قاتتىق يامغۇر ياغدى. چېدىر يامغۇرغا پاناھ بولالمىدى. ئاخىر ئۇلار هارۋىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلاردا يەتتە دانە مىلتىق، يەتتە دانە تاپانچا بار ئىدى. ئوق ـ دورا، ئوزۇق ـ تۈلۈكمۇ خېلى كۆپ ئىدى. شۇڭا، ئەتراپتىن قىلىنىدىغان هۇجۇملارغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «دونكان» ئالتە كۈن ئىچىدە توفولىد قولتۇقىغا يېتىپ كېلەتتى. شۇڭا، ئەترەتتىكىلەر بىر كۈندىن كېيىن سنو دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا يېتىپ بېرىشى لازىم ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مىيولرېد چوقۇم ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى.

كەچ سائەت سەككىزلەردە پۇتۇنلەي قاراڭغۇ چۈشتى. مىيولرېد سەپەرگە تەييار بولدى.

جون مانگلىس ئۇنىڭغا ئوق سېلىپ، بەتلەنگەن تاپانچىنى بەردى.

— مانا بۇ خەتنى توم ئوستىنگە بېرىسەن، — دېدى گىلېنارۋان ئۇنىڭغا تاپىلاپ، — يەنە ئۇنىڭغا دەپ قوي بىر مىنۇتنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەي دەرهال توفولىد قولتۇقىغا ياردەمگە كەلسۇن.

مىيولرېد كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىپ، يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي يولغا چىقتى. شامال تېخىمۇ

كوچەيگىلى تۇردى. مايور بىلەن جون مانگىلىس قاراۋۇللۇقتا قېلىپ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ھارۋىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى.

قىسقىغىنە بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، تۇيۇقسىز قاتتىق بىر ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى.

گىلېنارۋان ھارۋىدىن چىقىپ، قاراۋۇللاردىن ئىسقىرتقان ئاۋازنى ئاڭلىغان ـ ئاڭلىمىغانلىقىنى سورىدى. ئۇلارمۇ ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىسقىرتقان ئاۋاز دەل مېولرېد كەتكەن تەرەپتىن ئاڭلانغانىدى.

— يۇرۇڭلار، بېرىپ قاراپ باقايلى! — دېدى گىلېنارۋان مىلتىقنى مۈرىسىگە ئېسىپ.

— بېرىشقا بولمايدۇ! — دېدى مايور، — بۇ، قاراقچىلارنىڭ ھىيلىسى. ئۇلار بىزنى ھارۋىدىن نېرىراق كەتكۈزۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان.

دەل شۇ چاغدا، ئېچىنىشلىق ئىڭرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. مېولرېد «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلاۋاتاتتى.

گىلېنارۋان ماك نابىسنى ئەتتىرىۋېتىپ، چىغىر يولغا قاراپ يۈگۈردى. جون مانگلىس بىلەن مايورمۇ بىللە ماڭدى. ئۇلار ئورمان ياقىسىدا بىر ئادەمنىڭ ئىڭراپ ياتقانلىقىنى كۆردى. مېولرېد ئېغىر يارىلىنىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. ھەمراھلىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ئېلىپ كىردى.

ماك نابىس ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ يارىسىنى

تاڭدى. مىيولرېدنىڭ تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىدىن يارىسىنىڭ خېلىلا ئېغىرلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. 15 مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ:

— ئەپەندى ... خەت بېرىن ... ژۇيىس، — دەپ پىچىرلىدى.

گىلېنارۋان مىيولرېدنىڭ يانچۇقلىرىنى بىرمۇبىر ئاختۇرۇپ چىقتى. توم ئۇستىنىغا يېزىلغان خەت يوق ئىدى.

تاڭ ئاتتى، يامغۇرمۇ توختىدى. كۆپچىلىك قان ئىزلىرى تېخى كۆرۈنۈپ تۇرغان چىغىر يولنى بويلاپ ئاخشام مىيولرېد ھۇجۇمغا ئۇچرىغان يەرگىچە باردى. ئۇ يەردە ئىككى ئادەمنىڭ ئۆلۈكى ياتاتتى. بۇ مىيولرېدنىڭ ئوقى تېگىپ ئۆلگەن قاراقچىلار ئىدى. ئۆلارنىڭ بىرى ھېلىقى بىلىي - پوينىتلىق تۆمۈرچى ئىكەن.

ئات بولمىغاچقا ئۇلار سنو دەرياسىنىڭ سۇيىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، ئاندىن 35 مىل يول يۈرۈپ دېلېگېيتقا بېرىپ، ئۇ يەردىن قاتناش قورالىنى ھەل قىلىپ توفولد قولتۇقىغا بېرىپ، شۇ يەردىن «دونكان» دىكىلەرگە تېلېگرامما يوللىماقچى بولۇشتى.

بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مىيولرېد ھوشىغا كەلدى. ئۇنىڭ قىزىتمىسىمۇ ياندى. ئۇ ئېسىگە كېلىپ، بايىقى ۋەقەنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بەردى:

مىيولرېد مەنزىلدىن ئايرىلىپ تەخمىنەن ئىككى

مىلچە يول يۈرگەندە، تۇيۇقسىزلا بىرنەچچە كىشى ئۇ- نىڭ يولىنى توسۇپ، ئۇنىڭ ئېتىغا ئېتىلغان، ئات ئۈركۈپ كېتىپ پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپچىغان، مىيولرېد تاپانچىسىنى ئېلىپ ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككىسى يىقىلىپ چۈشكەن، ئوق ئېتىلغاندا چىققان ئوت ئۇچقۇنىدا ئۇ بىر ژۇيىسىنى تونۇپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئوڭ بېقىنىغا ئۇشتۇمتۇت بىرنېمە قاتتىق سانجىلغان. ئۇ ئاتتىن دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن، لېكىن ھوشىنى يو- قاتمىغان. ئۇ بىرسىنىڭ «خەتنى تاپتىم!» دېگىنىنى؛ بىر ژۇيىسىنىڭ 〈دونكان〉 ئەمدى بىزنىڭكى!» دېگىنىنى؛ يەنە ئۇنىڭ «ئىككى كۈندىن كېيىن〈دونكان〉 غا چىقى- مىز، ئالتە كۈندىن كېيىن توفولىد قولتۇقىغا بارى- مىز» دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان. ئۇ شايكىلىرىغا كېمە- پىلپىر كۆۋرۈكى ئارقىلىق دەريادىن ئۆتۈپ، دېڭىز قىرغىقىغا بېرىپ شۇ يەردە ئۆزىنى كۆتۈشنى، «دون- كان» غا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھىندى ئوك- يانىنىڭ خوجايىنى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

بۇ گەپلەر گىلىنارۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى.

— بىز چوقۇم بۇ قاراقچىلارنىڭ ئالدىدا قىرغاققا يېتىپ بېرىۋېلىشىمىز كېرەك! — دېدى پاگانېل.

— لېكىن سىنو دەرياسىدىن قانداق ئۆتىمىز؟ —

دەپ سورىدى ۋېلسون.

— قاراقچىلار كېمىلىرى كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەن ئىكەن، بىزمۇ شۇ يەردىن ئۆتىمىز — دېدى گىلېنارۋان.

شۇنىڭ بىلەن جون مانگلىس بىلەن پاگانېل ئاۋۋال بېرىپ، ئۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلمەكچى بولدى.

كۆپچىلىك ئۇلارنى بىر كۈن كۈتتى. ئاخىر كەچ سائەت 11 لەردا ئۇلار قايتىپ كەلدى (ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، قاراقچىلار ئاللىبۇرۇن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتكەن، ئەمما، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولۇپلا كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتكەن ئىكەن).

جون مانگلىس ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ دەريادىن ئۆتۈش كېرەك دەپ ئويلاپ، يوغان بىر پارچە دەرەخ قوۋزىقىنى تېپىپ كېلىپ ئۇنى چەنزىلەرگە باغلاپ، ئەپلىك لېكىن ناھايىتىمۇ ئاجىز بىر قېيىق ياسىدى. لېكىن، قېيىق ئېقىمغا دۇچ كېلىشى بىلەنلا ئۆرۈلۈپ كەتتى.

1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سەھەردىن باشلاپ سىنو دەرياسىنىڭ سۈيى ئازىيىشقا باشلىدى.

— ئەمدى بەربىر كېچىكتۇق! ماتروسلىرىمىزنى قۇتقۇزغىلى بولارمۇ؟ — دېدى گىلېنارۋان ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا.

— مەن توم ئوستىننى چۈشىنىمەن، ئۇ بۇيرۇقىڭىزنى چوقۇم ئورۇندايدۇ، لېكىن، «دونكان» نى

رېمونت قىلىنىپ بولدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ — دېدى جون مانگىلىس.

— توغرا ئېيتتىڭىز جون، — دېدى گىلېنارۋان.

جون مانگىلىس بىلەن ۋىلسون دەرھال چوڭ سال ياساشقا كىرىشتى. ئەتىسى سائەت بىردە ھەممەيلەن قىرغاققا باغلاپ قويۇلغان سالنىڭ ئۈستىگە چىقتى.

جون مانگىلىس ئارغامچىنى يېشىپ سالنى قىرغاقتىن ئىتتىرىپ، سنو دەرياسىنىڭ ئېقىنىغا سالدى. ئېقىن بەك تېز ئىدى. سال قاينام ئىچىگە كىرىپ قېلىپ شۇنداق ئىتتىك پىرقىراشقا باشلىدىكى، پالاقلارنىڭمۇ ھېچقانداق رولى بولمىدى، ھەممە ئىش تەقدىر قىسمەتكە باغلىق بوپقالدى. سال سنو دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالدى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېقىن تېخىمۇ تېز ئىدى. لېكىن بۇ يەردە قاينام بولمىغاچقا، سال سەل - پەل سىلىق ئاقتى.

جون بىلەن ۋىلسون يەنە پالاقلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاخىر قارشى قىرغاققا بېرىۋالدى. بىراق، سال قىرغاققا قاتتىق ئۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ چۇۋۇلۇپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بەختكە يارىشا ھەممەيلەن قىرغاققا چىقىۋېلىشتى، لېكىن ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ كۆپ قىسمى ۋە قوراللار سالنىڭ لىملىرى بىلەن تەڭ ئېقىپ كەتتى.

ئەترەتتىكىلەر دېلېگېيتتىن 35 مىل يىراقلىقتا

ئىدى. ئۇلار دەرھال يولغا چىقىش قارارىغا كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئېۋكالىپىت دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى نو-سولكا توقۇپ، مېۋىلىرىدىنى نوسولكىدا كۆتۈرۈپ يولغا چىقتى. يول بويى پېتىغىرىم ئىسسىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېگۈدەك نەرسىمۇ يوق، يەنە تېخى بىرنەچچە ياردار بار، ئۇلار بەكمۇ قىينالدى.

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سائەت 11 دە ئۇلار ئاخىر دېلېگېيت شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىن توفولىد قولتۇقىغا يەنە 50 مىل بار ئىدى. ئۇلار دەرھال ئات ـ ئۇلاغ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن توفولىد قولتۇقىغا يېتىپ باردى.

چۈشتە، ئۇلار قورساقلىرىنى ئوبدان تويغۇزۇپ، پوچتا ھارۋىسىغا چىقىپ ئولتۇردى. كۆچلۈك بەش ئات قوشۇلغان ھارۋا ئۇلارنى دېلېگېيتتىن ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ھارۋا كېچىدىمۇ توختىماي ماڭدى.

ئەتىسى قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەندە، دېڭىز دولقۇنىنىڭ شاۋقۇنى ئاڭلاندى.

ئۇلار دېڭىز بويىغا كېلىپلا، «دونكان» نى ئىزدەپ دېڭىزغا قاراشتى، دېڭىزدا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار توفولىد قولتۇقىغىمۇ باردى. بىراق، «دونكان» نى يەنىلا تاپالمىدى.

گىلېنارۋان، جون مانگلىس، پاگانېللار پورت

ئىدارىسىگە كېلىپ كېمىلەرنى تىزىملاش دەپتىرىدىكى كېيىنكى كۈنلەردە كەلگەن كېمىلەرنىڭ تىزىملىكىنى كۆرۈپ، بىر ھەپتىدىن بۇيان بۇ قولتۇققا بىرمۇ كېمە كەلمىگەنلىكىنى ئۇقتى.

— ئېھتىمال بىز ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يېتىپ كەلگەندۇرمىز، — دەپ ئويلىدى گىلېنارۋان.

15 مىنۇتلاردىن كېيىن، گىلېنارۋان مېلبورندىكى پورت ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا تېلېگراما يوللىدى. چۈشتىن كېيىن گىلېنارۋانغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا جاۋاب تېلېرامىسى كەلدى:

*«دونكان، مۇشۇ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دېڭىزغا چىقىپ كەتتى، قايسى يۆنىلىشكە قاراپ ماڭغىنى نامەلۇم.»*

شۈبھىسىزكى، «دونكان» ئاللىقاچان بېن ژۇيسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ بولغانىدى.

مۇنداق چوڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان گىلېنارۋاننىڭمۇ ئەمدى ھېچ ئامالى قالمىغانىدى. ئۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئادەم ئىزدەشتەك بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

مېرى گرانت «دونكان» نىڭ بىر ماتروسىنىڭ تېخى يېقىندىلا ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئويلاپ، دەردىنى ئىچىگە تەستە يۇتتى. شوتلاندىيىگە قايتىش توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ ئۇ ئېغىز ئاچتى.

لېكىن كاپىتان ئۆزى يالغۇز قېلىپ داۋاملىق ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كاپىتان گرانتنى تاپمىسام ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ، دېدى.

مېرى بۇ ۋەدىنى مۇستەھكەملىگۈسى كەلگەندەك، ياش كاپىتانغا قول بەردى.

شۇ كۈنى ئۇلار ۋەتىنىگە قايتىش قارارىغا كېلىشتى بىراق، ياۋروپاغا بارىدىغان مۇۋاپىقراق كېمە يوق ئىدى. پاگانېل ئاۋۋال يېڭى زېلاندىيىگە بېرىپ، ئاندىن شەرقىي ھىندى شىركىتىنىڭ كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ياۋروپاغا قايتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇغراپىيە ئالىمى پاگانېل كۆڭلىدە، يېڭى زېلاندىيىنىڭ ئوكلېند شەھىرىمۇ 37 ـ پاراللېلنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان، دېمەك، يېڭى زېلاندىيىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى رايونلارنى يەنە بىر قېتىم چارلاپ چىقالايمىز، دەپ ئويلىغانىدى، بىراق يېڭى زېلاندىيە بولسا ئارال، ئۇ چوڭ قورۇقلۇقمۇ ئەمەس، شۇڭا ئۇ بۇ ئويلىرىنى باشقىلارغا ئېيتىشنى لايىق كۆرمىدى.

كۆپچىلىك پاگانېلنىڭ بۇ تەكلىپىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قېيىققا ئولتۇرۇپ پورتقا باردى. سىغىمچانلىقى 250 توننا كېلىدىغان «ماكارى» ناملىق كېمە ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زېلاندىيىنىڭ ھەرقايسى پورتلىرى ئارىسىدا قاتنايتتى. كېمىنىڭ كاپىتانى بىلل گاللبي ناھايىتى سۆرۈن تەلەت ئادەم ئىدى.



ئەتىسى، 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يولۇچىلار «ماكارى» ناملىق كېمىگە چىقتى. سائەت 12 دە دولقۇن پەسەيگەن ھامان كېمە قوزغالدى.

1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى يولغا چىقىپ، ئۈچ كۈنگىچە «ماكارى» ئاۋستىرالىيەدىن يېڭى زېلاندىيەگىچە بولغان يولنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىمۇ بېسىپ بولالمىغانىدى. كاپىتان بىلەن ماتروسلىرىنىڭ ھەممىسى ھاراقكەش ئىدى، كېمىنى ئۆز مەيلىگە تاشلاپ قويۇشاتتى. كېمىدە ھەتتا دېڭىز خەرىتىسىمۇ يوق ئىدى.

كېمە ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زېلاندىيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئۇلار يەنە دېڭىز بورىنىغا دۇچ كەلدى. كېمە ئاۋۋال خادا تاشقا سوقۇلدى، ئارقىدىنلا دولقۇن ئۇنى ئىتتىرىپ، خادا تاشلارنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزۈپ قويدى. كېمىدىكى دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرى سۇنۇپ چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتتى.

كېمە كاپىتانى بىلل گاللىبي شۇ كۈنى كېچىدىلا ماتروسلىرى بىلەن كېمىدىكى بىردىنبىر قېيىققا چۈشۈپ قېچىپ كەتتى.

«ماكارى» ناملىق كېمە شۇ چاغدا شەرقىي ئۇزۇنلۇق كېمە °171، جەنۇبىي كەڭلىك °38 تا ئىدى. ئەتىرەتتىكىلەر كېمىنى خادا تاشلار ئارىسىدىن چىقىرىۋېلىشقا خېلى تىرىشقان بولسىمۇ چىقىرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك كېمىنىڭ ماچتىلىرى

بىلەن سال ياسىدى. ئۇنى سۇ يۈزىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، سالنىڭ ئاستىغا 6 دانە قۇرۇق ياغاچ تۇڭنى باغلىدى. ئەتىسى سائەت توققۇزدا ئۇلار نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سالغا باستى.

سائەت 10 دا ئۇلار سالغا چىقىپ سەپەرگە ئاتلاندى. سائەت 12 بولدى. سال قىرغاقتىن تېخى بەش مىل يىراقلىقتا ئىدى. شەرقىي شىمال تەرەپتە بىر تاغ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خەرىتىدە كۆرسىتىلگىنىگە قارىغاندا، بۇ تاغ 38 ـ پاراللېلغا جايلاشقان 2500 فۇت ئېگىزلىكتىكى پرونىيە تېغى ئىدى.

سائەت 12 دىن ئاشقاندا، بارلىق خادا تاشلار ئۆرلە- گەن سۇ ئاستىدا قالدى.

— يەنە بىرسى قېپقاپتۇ، — دېدى ئېلېن خانىم.

ئەسلىدە ئۇ «ماكارى» دىكى ھېلىقى بىردىنبىر قېيىق ئىدى.

— ئىچىدىكى ئادەملەر ھەممىسى ئۆلۈپتۇ! — دېدى ئېلىن خانىم ئېچىنغان ھالدا.

— ئاشۇ كېچىدىكى دولقۇنلۇق دېڭىزدا قاراڭغۇ كېچىگە قارىماي شۇنچە كۆپ خادا تاشلار ئارىسىدا مېڭىش ئۆزىنى ھالاكەتكە تۇتۇپ بەرگەنلىك، — دېدى مانگلىس.

ئۇلار يەنە ئىككى مىلچە يول يۈردى. شامال پەسىيىپ قالغاچقا، سال توختاپ قالدى. بىردەمدىن

كېيىن، پەسىيىشكە باشلىغان سۇ سالنى دىڭىزغا سۆرۈپ كېتىشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا بىر سېكۇنت ۋاقىتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايتتى.

— لەڭگەر تاشلاڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى جون مانگلىس.

ئۇلار قىرغاقتىن ئۈچ مىلچە يىراقلىقتىكى ئارىلىقتا توختىغانىدى.

گىلېنارۋان ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن بىر كېچىنى سالدا ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئويلاپ، جون مانگلىستىن:

— نېمىشقا ئاشۇ دولقۇنلاردىن پايدىلىنىپ قىرغاققا بېرىۋالمايمىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ دولقۇنلار سىزگە قىرغاققا قاراپ سۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتقان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئازراقمۇ سۈرۈلگىنى يوق، ئاشۇ دولقۇنلار ئۈستىگە بىر پارچە ياغاچ تاشلاپ كۆرۈپ بېقىڭ. تاكى سۇ پەسىيىشكە باشلىغىچە ھېچقاياققا كەتمەيدۇ. بىزنىڭ پەقەت سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى كاپىتان.

ئەتىگەن سائەت ئالتىدە سال يەنە سەپەرگە ئاتلىنىشقا تەييارلاندى. لەڭگەرنىڭ ئىلمەكلىرى قۇمغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەچكە، ئۇنى تارتىپ چىقىرالمىدى. ئاخىر ئۇلار نائىلاج لەڭگەر ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋەتتى.

يەلكەن كۆتۈرۈلدى. سال ئاستا ـ ئاستا قىرغاققا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.

سائەت 10 دا سال قىرغاققا كەلدى.

ئۇلار قورال ـ ياراغ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى ئېلىپ ھەممەيلەننى شۇنچە دەككە ـ دۈككىگە سالغان يېڭى زېلاندىيە قىرغىقىغا چىقتى.

پاگانېل:

— كاۋخا تۇمشۇقىدىن ئوكلېندقىچە بولغان ئارىلىق 80 مىل كېلىدۇ. بۇ مۇساپىنى كۈندە ئون مىلدىن ماڭغاندا، سەككىز كۈندە بېسىپ بولغىلى بولىدۇ، — دېدى.

بۇ جۇغراپىيە ئالىمى ئاۋۋال 35 مىل نېرىدىكى نىگارناۋاخئا يېزىسىغا بېرىشنى، ئۇ يەردە پوچتا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئوكلېندقا بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ھەربىرەيلەن ئۆزلىرىگە تېگىشلىك يۈكنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقىشتى.

— مۇشۇنداق پىيادە يول يۈرسەك بۈگۈن كەچتە ۋايكاتو بىلەن ۋايپا دەريالىرى قوشۇلىدىغان ئېغىزغا بارالايمىز. ئۇ يەردىن ئۆتسەكلا ئوكلېندقا بارىدىغان يول بار. يەرلىكلەر ئۇچرىسىمۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، — دېدى پاگانېل.

— يەنە قانچىلىك يول ماڭىمىز؟ — دەپ سورىدى گلېنارۋان.

— 15 مىل.

دەسلەپكى بىرنەچچە سائەتتە چانقاللىقلار ئۆلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە خېلى توسقۇنلۇق قىلدى، شۇنداقتىمۇ چۇشكە قالمايلا ۋايپا دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە دەريا قىرغىقىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ھېچقانداق قىيىنچىلىق تارتمىدى.

مايور بىلەن روبېرت ھەمراھلىرىدىن سەل ئارقىدا قېلىپ، لايخورەك بىلەن كەكلىكتىن بىرنەچچىنى ئوۋلىۋالدى. ئولبىنت يول بويى ئۆلارنى تازىلىغاچ ماڭدى.

شۇ تاپتا بۇ كىچىك ئەترەت ئازراقمۇ چارچىغانلىق ھېس قىلماي، دەريا قىرغىقىنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. ھەممىلا يەر قاقاسلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەرلەردە يەرلىكلەرنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

سائەت تۆتكىچە توققۇز مىل يول بېسىلىپ بولدى. يەنە بەش مىلچە يول يۈرسە ئەترەت ئوكلېندقا بارىدىغان يولغا يېتىپ بارالايتتى. ناۋادا پوچتا هارۋىسى ئۇچرايلا قالسا، كۆپ بولغاندىمۇ سەككىز سائەتتىلا ئوكلېندقا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. كۆپچىلىك كەچتە نىگار ناۋاخىئا يېزىسىدىكى مېھمانسارايدا قونۇشنى ئۈمىد قىلىشتى.

— مېھمانساراي دەمسىلەر؟ — دېدى پاگانېل، — ئۇ دېگەن مائورىلارنىڭ يېزىسى، ھەرگىزمۇ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەڭ دانا چارە — ئۇنى ئايلىنىپ مېڭىش،

يەرلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىق.

جۇغراپىيە ئالىمىنىڭ سۆزى ماقۇل كۆرۈلدى. شۇ كېچىسى دالىدىلا تۈنەشتى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، دەريا يۈزىنى قويۇق تۇمان قاپلىغانىدى. تۇمان تارقالغاندا، ۋايكاتونىڭ ئېقىنىغا قارشى يۇقىرىغا كېتىۋاتقان بىر قېيىق كۆرۈندى. قېيىق ناھايىتى تېز كېتىۋاتاتتى، قېيىقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە قۇيرۇق پالىقىنى باشقۇرۇپ بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇ 45 ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق، بەستلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى بىلەن بەدىنىگە ئۇستىلىق بىلەن چېكىلگەن رەڭلىك سىزىقلاردىن مائورىلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

بەدىنىگە چېكىلگەن رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرى يېڭى زېلاندىيىدىكى ئادەملەرنىڭ ئەمەل دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان بەلگىسى بولۇپ، ئادەمنىڭ شان ـ شەرىپى ئاشقانسېرى ئۇنىڭ بەدىنىگە چېكىلگەن رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. قېيىقنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن مەرتىۋىسى يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى كائى كومۇ بولۇپ، ئۇچىسىغا فورمىيوم دېگەن ئۆسۈملۈكتىن، چۆرىسىگە ئىت تېرىسىدىن زىغزىق قىلىپ تىكىلگەن ئۇزۇن يېپىنچا ئارتىۋالغانىدى. ئۇزۇن، قېيىقتا ئاياغلىرى باغلانغان ئون نەپەر ياۋروپالىق ئەسىر قىستىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ-

لارنىڭ پۈتلىرى باغلاقلىق بولغىنى بىلەن قوللىرى باغلانمىغانىدى. ئۇلار گىلبىنارۋان، ئېلىن خانىم، مېرى گرانت، روبېرت، پاگانېل، مايور، جون مانگىلىس، ستيۇئارت ۋە ئىككى ماتروس ئىدى.

ئالدىنقى كۈنى كەچتە، كىچىك ئەترەت قويۇق تۇماندا ئادىشىپ قېلىپ يەرلىكلەر توپى ئارىسىغا كىرىپ قالغان ھەمدە ئۇ يەردە قونۇش ئۈچۈن توختىغان. تۈن نىسپى بولاي دېگەندە، يەرلىكلەر ئۇلارنى ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدىلا تۇتۇپ ئەسىرگە ئېلىپ قېيىققا ئېلىپ چىققان.

يەرلىكلەر ئۆزئارا سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئارىسىدىن بىرنەچچە ئېغىز ئىنگلىزچە سۆزلەرگە قاراپ ئەسىرلەر مائورىلارنىڭ ئىنگلىز قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، ئەمدى ۋايكاتو دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

گىلبىنارۋان بېشىغا مۇشۇنداق بالايىئاپەت كەلگەندىمۇ ئۆزىنى ناھايىتى سالماق تۇتتى. باشقىلارمۇ گىلبىنارۋانغا ئوخشاش يەرلىكلەر ئالدىدا ئۆزلىرىنى مەغرۇر، تەمكىن تۇتتى. ئادەتتە مائورىلاردا ئۆزىنى قەدىرلەش ھېسسىياتى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەرقانداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئۆزىنى مەردانە ۋە خاتىرجەم تۇتالىغان ئادەمنى ھۆرمەت قىلاتتى.

بىردەمدىن كېيىن:

— بىزنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسەن، باشلىق؟ — دەپ سورىدى گىلېنارۋان كائى كۇمۇدىن. ئۇنىڭ ئاۋازىدا قورقۇشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. باشلىق ئۇنىڭغا سوغۇققىنە قاراپ قويۇپ، ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى.

— بىزنى نېمە قىلماقچىسەن؟ — گىلېنارۋان يەنە سورىدى.

— سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلار سېنى قايتۇرۇۋالىمىز دېسە، ئەسىرلەرگە تېگىشىمەن، ياق دېسە ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دېدى كائى كۇمۇ غەزەپ بىلەن.

گىلېنارۋاننىڭ كۆڭلىدە ئازراق ئۈمىد تۇغۇلدى. ناھايىتى ئېنىقكى، مائورىلارنىڭ بىرنەچچە باشلىقى ئىنگلىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان چېغى، شۇڭا مائورىلار ئادەم ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا كېرەك.

ۋايكاتو دەرياسىنى يېڭى زېلاندىيىنىڭ مىللىي دەرياسى دەپ ئاتاشقا بولاتتى. مائورىلار بۇ دەريا بىلەن پەخىرلىنەتتى. پاگانېل يېڭى زېلاندىيىلىكلەرنىڭ بۇ دەريانى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇھالەتكى، باشلىق بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرى ئارىسىدا پات ـ پاتلا ئېيتىلىۋاتقان «تاۋپو» دېگەن سۆز ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ئۇ خەرىتىگە قاراپ «تاۋپو» دېگەن بۇ سۆزنىڭ بىر

كۆلنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى، بۇ كۆل ئوكلېند ئۆلكە-سىنىڭ جەنۇبىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. پاگانېل فرانسۇز تىلىدا جون مانگلىستىن قېيىقنىڭ قانچە-لىك سۈرئەتتە كېتىۋاتقانلىقىنى سورىدى. ياش كاپىتان قېيىقنىڭ سائەتتىكە تەخمىنەن ئۈچ مىل سۈرئەتتە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى جۇغراپىيە ئالىمى، — ئەگەر كېچىسى توختاپ-توختاپ يول يۈرسەك، سەپىرىمىز تۆت كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ.

— ئىنگلىزلارنىڭ مۇداپىئە رايونى قەيەردىكە-نە؟ — سورىدى گىلېنارۋان.

— بۇنى بىلمەك قىيىن، — دېدى پاگانېل، — ئەمما ھەربىي ھەرىكەتلەر تاراناكى ئۆلكىسىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا ئەنگلىيە قوشۇنى تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كۆلنىڭ قىرغىقىدا، ئۇ يەر بولسا يەرلىكلەر قوزغىلاڭ كۆتۈر-گەن جاي بولسا كېرەك.

— ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن! — دەپ قويدى ئېلېن خانىم.

قۇياش ئۇپۇق كەينىگە پېتىۋاتاتتى. قېيىق دەريا بويىدا توختىدى. كائى كۇمۇ ئەسىرلەرنى قېيىقتىن چۈشۈشكە بۇيرۇدى. ئەركەكلەرنىڭ قوللىرىنى باغلىدى، ئاياللارنىڭ قوللىرىنى باغلىمىدى. ئەسىرلەرنىڭ

ھەممىسىنى مەنزىلنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەتراپقا شۇنچىلىك كۆپ گۈلخان يېقىۋەتتىكى، ئۇلاردىن زادىلا ئۆتكىلى بولمايدىغان توسۇق ھاسىل بولدى.

ئەتىسى، قېيىق دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ئۇچقاندەك تېز ئۈزۈپ كەتتى. سائەت ئوندا پاخويۇپىنا دەرياسىنىڭ ۋايكاتوغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزىدا بىرئاز توختاپ ئۆتتى.

ئۇ يەردە يەنە بىر قېيىق كېلىپ كائى كومۇنىڭ قېيىقىدىكىلەر بىلەن ئۇچراشتى. بۇ قېيىقتىمۇ يەرلىكلەردىن ئونچە ئادەم بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى قېيىق بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىدى. بايا كەلگەن قېيىقتىكى مائورىلارنىڭ چىرايىدىن باياتىنلا ئىنگلىزلار بىلەن جەڭ قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ كەتكەن، قوراللىرىدا قان داغلىرى بار ئىدى.

كەچقۇرۇن، كائى كومۇ قېيىقنى تىك قىرغاق بويىدا توختاتقۇزدى. بىردەمدىلا دەرەخلەرنىڭ ئاستىغا گۈلخان يېقىلدى. ئەسىرلەر مەنزىلنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تاڭ ئاتقىچە كۆزەتچىلىك قىلىندى.

ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە شۇ يۇقىرى ئېقىمغا قاراپ ماڭىدىغان تۈگىمەس سەپەر باشلاندى. دەريانىڭ كىچىك تارماقلىرىدىن يەنە بىرقانچە قېيىق ئۈزۈپ كەلدى. يەرلىك ئەسكەرلەردىن ئاتمىش نەچچە كىشى بۇ يەردە

جەم بولۇشتى.

سائەت تۆتلەردە، كائى كومو باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان قېيىق بىر تار غارغا كىرىپ كەتتى. دەريا سۈيى قايناق بۇلاقلار ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. شۆڭلاشقا، ھاۋا ئاچچىق گۈڭگۈرت پۇرىقى بىلەن تولغانىدى.

دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا يۇزلەپ ئىسسىق بۇلاقلار قايناپ تۇراتتى، ئۇلاردىن بەزىلىرى ھور پۇر-كۈيەتتى.

ئەتىسى چۈشتە بىرقانچە قېيىق كەڭ كەتكەن دەريا ئېغىزى ئارقىلىق تاۋپو كۆلىگە كىردى. تاۋپو كۆلى دېڭىز يۈزىدىن 1250 ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىككە جاي-لاشقان بولۇپ، كۆلنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغا-نىدى. قىرلىق چوققىلار، قويۇق ئورمانلىق بۇ چوڭ كۆلنى ئوراپ تۇراتتى.

كائى كومو قېيىقنى بىر تار ئېقىنغا ئەكىرىپ، ئۇ يەردىن ئايلاندۇرۇپ كۆلنىڭ شەرقىدىكى قۇمساڭ جايغا توختاتتى. تۇتقۇنلار قېيىقتىن بىر ـ بىرلەپ چۈشۈش-تى. ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى باغلىمىدى. يەرلىك ئەسكەرلەر ئۇلارنى تاغلىق مەھەللىگە باشلاپ ماڭدى.

مەھەللىگە كىرىشتىكى بىرىنچى توسۇق چىتەن، ئىككىنچى توسۇق قوزۇق، ئۈچىنچىسى ئىچكىرىسىدىكى تال چىۋىقتىن توقۇلغان ئېگىز مىلتىق ئۆچىنىدىلا چىقىرىشقا بولىدىغان تۆشۈك قالدۇرۇلغان توسما ئىدى. يەنە بىر

ئىچىكىرىلەپ ماڭغاندا 40 نەچچىدەك قومۇش كەپە كۆرۈندى. تۇتقۇنلار قەلئەگە ئېلىپ كېلىندى. قوزۇقلارغا ئىلىپ قويۇلغان ئادەم بېشىنىڭ ئىسكىلىتلىرى تەنلەرنى شۈركەندۈرەتتى. ئايالـلار بۇلارنى كۆرۈپلا تەتۈر قارىۋالدى. بۇلار جەڭ بۇيۇمى بولۇپ، جەڭلەردە ئۆلتۈرۈلگەن دۈشمەن تەرەپ باشلىقلىرىنىڭ باش سۆڭىكى ئىدى.

كائى كۇمۇنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر كەپە بولۇپ، كەپىنىڭ كەينى كەڭ سەينا ئىدى. كەپىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە بىر تۆشۈك بولۇپ، بورا بىلەن يېپىقلىق ئىدى. بۇ، كەپىنىڭ ئىشىكى ئىدى. كەپىنىڭ ئارقىسىدا بىر قازناق بار ئىدى. هويلىدا بىرنەچچە چوشقا، قوي، يەنە بىرنەچچە ئىتمۇ بار ئىدى.

گىلىنارۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىر ئۆيدە باشلىقنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ چاغدا، بىر توپ موماي ئۇلارنى چىدىغۇسىز تىللار بىلەن قارغاۋاتاتتى.

ئېلېن خانىمنىڭ چىرايىدىن باشقا ئالامەتلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ تولىمۇ تەمكىن ئىدى. مېرى گرانت بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

گىلىنارۋان كائى كۇمۇنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ۋالاقلاۋاتقان خوتۇنلارنى كۆرسىتىپ:

— بۇلارنى ھەيدىۋەت، — دېدى.

مائورىلارنىڭ باشلىقى قولىنى بىر شىلتىۋىدى، ھېلىقى خوتۇنلارنىڭ ئاغزى بېسىلدى.

بۇ چاغدا، مەشىق مەيدانىدا قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال بولۇپ 100 كىشى يىغىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قاتتىق ھەسرەتلەنسە، بەزىلىرى يىغلايتتى، ئەسلىدە ۋىلىيام تومسوننىڭ چاقىرىقى بىلەن ئەنگلىيىلىكلەرگە قارشى جەڭگە ئاتلانغان مائورى باشلىقلىرى ئىچىدىن پەقەت كائى كۇمۇلا تاۋپو كۆلى بويىغا قايتىپ كېلەلىگەندى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جەڭگە قاتناشقان 200 نەپەر يەرلىك ئەسكەردىن كۆپىنچىسى قايتىپ كېلەلمىگەندى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇربان بولدى. يەنە بىر قىسمى ئەسىرگە چۈشتى. يېڭى زېلاندىيىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ھالاك بولغان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن پىغان چېكىپ، داد ـ پەرياد قىلىشتى. ئاياللار ئۆتكۈر قىرلىق تاشلار بىلەن يۈز ۋە مۈرىلىرىنى تىلىشقا باشلىدى. يارا قانچە چوڭقۇر بولسا، شۇنچە قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىگە قويالمىغانلىقى ئۇلارغا تېخىمۇ ئەلەم قىلىدى. ئەرلەر غەزەپتىن مۇشتلىرىنى شىلتىپ قارغىشاتتى. قەبىلە باشلىقى ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى باسالماي، بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەسىرلەرنى بىخەتەررەك بىر

جايغا سولاپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

ئىشنىڭ يېپىلىشىغىلا روبېرت ۋىلسوننىڭ مۇرىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ، تام ئۈستىدىكى يوچۇقتىن سىرتقا قارىدى. يوچۇقتىن مەھەللىنىڭ ھەممە يېرىنى ۋە كائى كۇمۇنىڭ ئۆيىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ ھويلىدىكى ئەھۋاللارنى كۆپچىلىككە ئېيتىپ بەردى:

— «كائى كۇمۇ سۆزلەۋاتىدۇ... يەرلىك كىشىلەر جىم بولۇپ قېلىشتى.»

— «ئۇ تۇتقۇنلارغا قەبىلىنىڭ بىرنەچچە باشلىقىنى تېگىشمەكچى.»

— «ئۇلار قوشۇلدى، بەزىلىرى كەپىسىگە قايتىپ كەتتى، بەزىلىرى مەھەللىدىن كېتىشتى.»

— «بىرسى بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ.»

ئېلېن خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ، قەتئىيلىك بىلەن:

— مەيلى مېرى ياكى مەن بولاي، ھېچقايسىمىز بۇ ياۋايىلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىكىمىز كېرەك، — دېدى.

ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا ئوقلانغان بىر تاپانچىنى گىلېنارۋانغا بەردى. مائورىلار تۇتقۇنلارنى ئاختۇرمايتتى. مايور گىلېنارۋانغا تاپانچىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، جان تۇمشۇقىغا يەتمىگۈچە چىقارماسلىقنى ئېيتتى. گىلېنارۋان تاپانچىنى يوشۇرۇپ بولۇشىغا، ئىشىكتىكى بورا قايرىلدى. يەرلىكلەردىن بىرى كىرىپ كەلدى، ئۇ

تونتقونلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ كائى كومونىڭ ئالدىغا بېرىشقا بۇيرۇدى. قەبىلە باشلىقىنىڭ چۆرىسىگە قەبىلىنىڭ ئاساسلىق جەڭچىلىرى توپلانغانىدى. يوخايۋېنا دەرياسىنىڭ قويۇلۇش ئېغىزىدا ئۇچرىغان ھېلىقى ئادەممۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى كاراتېتى ئىدى.

سوراق باشلاندى.

— بىز ئەنگلىيىلىك، ساياھەتكە كەلگەن ئىدۇق، كېمىمىز ھالاكەتكە ئۇچراپ مۇشۇ ئارالغا كېلىپ قالدۇق، بىز ئۇرۇشقا قاتناشمىغان، — دېدى گىلېنارۋان.

— سىلەرنىڭ ئادەمڭلار ئارىلىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ، كەنت ـ مەھەللىلىرىمىزنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى — دېدى كائى كومو غەزەپلىنىپ.

— ئۇلار توغرا قىلماپتۇ، — جاۋاب بەردى گىلېنارۋان جىددىي تەلەپپۇزدا.

كائى كومو سوراقنى داۋاملاشتۇردى:

— بىزنىڭ لۇئى ئاتۇئانىڭ باش روھانىيسى تونگا ئادەملىرىڭلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بىز ئۇنى تېگىشىۋېلىشنى تەلەپ قىلىمىز. ئەنگلىيىلىكلەر بۇنى ماقۇل كۆرەرمۇ؟

— ھەممىمىز بىلەن تېگىشسەڭلار مۇمكىن بولارمىكىن، — دېدى گىلېنارۋان.

— بىز مائورىلار ئادەمنى بىرمۇ بىر تېگىشىمىز، — دېدى كائى كومو.

— ئاۋۋال بۇ ئىككى ئايال بىلەن روھانىيلارنى تېگىشەيلى، — دېدى گىلېنارۋان ئېلېن خانىم بىلەن مېرى گرانتنى كۆرسىتىپ.

كائى كۇمۇ ئېلېن خانىمنى كۆرسىتىپ:

— ئۇ سېنىڭ خوتۇنۇڭما؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم! — دەپ ۋارقىرىدى كاراتېتې قولىنى ئېلېن خانىمنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ. ئېلېن خانىمنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

گىلېنارۋان لام-جىم دېمەيلا قولىنى كۆتۈردى. «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كاراتېتې گۈپپىلا قىلىپ يىقىلىپ جان ئۈزدى.

تاپانچا ئاۋازى بىلەن تەڭ يەرلىكلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قوللىرىنى كۆتۈرۈۋېشىپ تەھدىت سالغىلى تۇر-دى. گىلېنارۋاننىڭ قولىدىكى تاپانچىنى يۇلۇپ ئېلىۋالدى. شۇ پەيتتە كائى كۇمۇ گىلېنارۋانغا غەلىتە بىر قارىۋېتىپ، ئۇنى قولى بىلەن توسۇپ قوغدىدى.

— خۇدا رەھىم قىلغاي.

ئۇنىڭ دەبدەبىلىك ئاۋازى شاۋقۇننى بېسىپ چۈشتى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، كىشىلەر ئارقىسىغا بىر-نەچچە قەدەم داجىدى.

بىر دەمدىن كېيىن، ئەسىرلەر يەنە ئىبادەتخانىغا ياللاپ كېتىلدى. لېكىن، شۇ ئارىلىقتا روبېرت گرانت بىلەن ياك پاگانېل كۆرۈنمەي قالدى.

كائى كومونىڭ ئىككى ئەمىلى بار ئىدى. بىرى، قەبىلە باشلىقى، يەنە بىرى، شۇ قەبىلىنىڭ روھانىيسى ئىدى. شۇڭا ئۇ بىرەر كىشىگە ياكى بىرەرنەرسىگە قارىتا خۇدا رەھىم قىلغاي دەپ ئىلان قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى.

گىلىنارۋان ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان تەقدىر توغرىسىدا ھېچقانداق خام خىيال قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇ ئۆلسىلا بىر قەبىلە باشلىقىنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىدىن مەغپىرەت قىلىنغان بولاتتى. ئۇ، كائى كومۇ ئاچچىقىنى مېنىڭدىن ئېلىپلا، باشقىلارنى بولدى قىلسا بولاتتى، دېگەنىنىلا ئۈمىد قىلاتتى.

ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تولىمۇ دەھشەتلىك بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. بىچارە روبېرت بىلەن تۇز كۆڭۈل پاگانېل يەرلىكلەرنىڭ قىساس قۇربانى بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئۇلارغا ئەلەم بولۇپ، ھەممىسى سارالڭ بولايلا دەپ قالدى.

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەھەرگىچە خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھېچكىم تۇتقۇنلارغا يېقىن يولىمىدى. بۇ يەردە ئاز ـ تولا يېڭىۋدەك نەرسىلەر بولسىمۇ، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئۇلارنىڭ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. شۈبھىسىزكى، ئۆلگەنلەرنىڭ دېپنە مۇراسىمى بىلەن تىرىكلەرنىڭ قەتلى قىلىنىشى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدىغاندەك قىلاتتى.

لېكىن، ھازىرغىچە ھېچنېمىدىن شەپە بولمىدى. ئەسلىدە مائورىلارنىڭ قارىشىچە ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە جېنى تېنىدىن جۇدا بولماسمىش، شۇڭا ئۆلۈكنى ئۈچ كۈنگىچە كۆممەيتتى.

ئۈچىنچى كۈنى، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئۆلۈغ ئېچىۋېتىلدى. نەچچە يۈز مائورى مەيدانغا يىغىلغانىدى. ئۇلار ئۈن چىقارماي جىم تۇرۇشاتتى. كائى كۇمۇ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىغا چىقتى. ئۇ قولىنى شىلتىۋىدى، بىر يەرلىك ئەسكەر ئىبادەتخانا تەرەپكە كەلدى.

— تەلىپىم ئېسىڭىزدە بولسۇن جۇمۇ! — دېدى ئېلېن خانىم ئېرىگە.

مېرى گرانتمۇ قىزلىق سالاھىيىتى بىلەن مانگلىسقا:

— ئۆزىڭىز ئۆلتۈرگەن ئىلگىرى مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ، — دېدى.

تۇتقۇنلار كائى كۇمۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدى.

— توگونگايىمىزنىڭ ھاياتى سىلەرنىڭكىدىن قىممەتلىكرەك بولمىغان بولسا، سەن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولاتتىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى كائى كۇمۇ. دەل شۇ چاغدا يەرلىكلەردىن بىرى تەرگە چۆمۈلگەن پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ: — ئەنگلىيىلىكلەر ئەۋلىيايىمىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، — دېدى.

كائى كۇمۇنى ئاچچىق غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ھەممىڭلار ئۆلىسىلەر!

ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن تۇتقۇنـ ـلار بىر تۈپ قېرى دەرەخنىڭ تۈۋىگە باشلاپ كېلىندى، دەپنە مۇراسىمى باشلاندى. جەسەت بىر كىچىك سۇپىغا ياتقۇزۇلغانىدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى سۇپىنىڭ يېنىغا كېلىشتى. يېقىن تۇغـ ـقانلىرى مەيدىسىگە مۇشتلاپ، يەرنى تېپەتتى، دوست ـ بۇرادەرلىرى يۇزلىرىنى تاتىلاپ قان قىلىۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا كاراتېتىنىڭ ئايالى پەيدا بولدى. ئۇ تېخى ياش ئىدى. ئۇ مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ياد ئېتىپ سۆزلەيتتى. ئۇ سۇپىنىڭ يېنىغا ئۆزىنى تاشلاپ، جان ـ جەھلى بىلەن يەرگە ئۇستى.

كائى كومو ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، تويۇقسىز كالتەكنى پۇلاڭلاتتى ـ دە، بىرنى ئۇرۇپلا ئۇنى ئۆلتۇـ ـرۇۋەتتى.

ئىككى جەسەت قاتار ياتقۇزۇلۇپ، ئالتە نەپەر بىچارە قۇل خوجايىنلىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار باغلاقسىز بولۇپ، قارىماققا ھەممىگە رازى بولغاندەك قىلاتتى. قاۋۇل كەلگەن ئالتە ئەسكەر قولىدىكى توقماق بىلەن ئۇلارنى بىر ئۇرۇۋېدى، بۇ قۇربانلىق قىلىنغۇـ ـچىلار قانغا مىلىنىپ يەرگە يىقىلدى.

كىلىينارۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇلارنى كۆرۈپ

قورقۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا دېڭىزنى مۇراسىمدا ئويىنىلىدىغان ئۇسۇل باشلاندى. يەرلىكلەر بىر خىل كۆچلۈك هاراقنى ئىچىپ، مەست ـ ئەلەس بولۇپ خۇدىنى يوقاتقاندى.

ئۇلار كاراتېتي بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈشۈپ، پۇت ـ قولىنى قايرىپ قورسىقى ئۈستىگە چاپلاپ تېڭىپ قويدى.

ئۇلار ئىككى جەسەتنى زەمبىلگە سېلىپ، قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭدى.

قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپى ياغاچ رېشاتكا بىلەن قورشالغان، جەسەت قويۇلىدىغان قەبرىنىڭ يېنىدا بىر ياغاچ تۈۋرۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا هەر خىل رەسىملەر ئويۇلغان، ئۈستى قىپقىزىل سىرلانغاندى.

ئۆلگەنلەرنىڭ ئۇ دۇنيالىقىنى ئازادە ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى تەل قىلىنىشى كېرەك ئىدى. جەسەتلەر يانمۇيان ياتقۇزۇلۇپ، تۇپا ۋە ئوت ـ چۆپ بىلەن كۆمۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ تاغ ئەۋلىيا قويۇلغان تاغ دەپ ئاتىلىپ، باشقىلارغا چەك قويۇلدى.

تۇتقۇنلار سولانغان جايغا يەنە ئاپىرىۋېتىلدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئېلىپ خانىم بارلىق هەمراهلىرى بىلەن بىللە ئىبادەت قىلدى.

كۆپچىلىك ئىبادەت قىلىپ بولۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلاشتى. مېرى گرانت بىلەن ئېلىپ

كەپىنىڭ بىر بۆلۈكىگە بېرىپ، بارلىق ئازاب ـ ئوقۇ-بەتلىرىنى ئۇنتۇپ ئۇخلىۋالماقچى بولدى. ئۇلار ھەقىقەتەن چارچىغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار قۇچاق-لىشىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى.

گىلېنارۋان ياش كاپىتانغا:

— مەن ئېلېن خانىم دېگەن ئىشقا ماقۇل بولغان-تىم. سەنمۇ مېرىنىڭ گېپىگە ماقۇل بولدۇڭ، شۇنداق نىيەتكە كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ماقۇل بولدۇم، — دېدى جون مانگلىس، — خۇدا ئالدىدا ۋەدەمنى ئورۇندىشىم كېرەك، ئەلۋەتتە.

— بىراق، بىزدە قورال يوق.

— بىر دانە قورال بار، — دېدى جون بىر خەنجەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — كارتېتى يىقىلىپ مېنىڭ ئاياغ تەرىپىمگە چۈشكەندە، شۇ ياۋايىنىڭ قولىدىن تارتىۋال-غانىدىم.

— بۇرادەرلەر، بۇ ئەڭ ئاخىرقى چارە، ئەڭ ئاخىرقى پەيتتىلا مۇشۇ چارىنى قوللىنايلى، باشقا ھېچقانداق ئىلاج قالمىدى دېگەنگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن، — دېدى مايور.

بۇ چاغدا جون بورىنى قايرىپ، يەرلىكلەردىن 25 كىشىنىڭ ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان-لىقىنى كۆردى. ئۇلار ئەتراپىغا تازا سەپسېلىپ قاراپ، بۇ يەردىن قېچىپ چىقىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە

تەن بەردى.

ئەتىگەن سائەت تۆتلەر بولسا كېرەك، كىچىككىنە بىر شەپە مايورنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شەپە تامنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇلغان كۆتەكتىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ بىرسىنىڭ سىرتتا تامنىڭ ئۇلىنى كولاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

مايور ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاستا بېرىپ گىلېنارۋان بىلەن جوننى ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ كىردى. بۇ چاغدا تامنى كولىغان ئاۋاز بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ۋىلسون بىلەن ئولبىنتلارمۇ كېلىپ تامنىڭ ئۇلىنى كولاشقا باشلىدى. تام ئاستىدىكى توپا بەكلا بوش بولغاچقا، يېرىم سائەت كولا ـ كولمايلا چوڭلا تۆشۈك ئېچىلدى. توساتتىن مايورنىڭ قولى پىچاققا تېگىپ كېسىلىپ كەتتى. جون مانگلىس قولىدىكى خەنجەر بىلەن ھېلىقى پىچاقنى توسۇۋېلىپ، پىچاق تۇتقان قولنى تۇتۇۋالدى.

بۇ بىر ئايالنىڭ ياكى بالىنىڭ قولى، ياۋروپالىقنىڭ قولى ئىدى. روبېرتنىڭ قولى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پىچىرلىدى گىلېنارۋان. دېگەندەك روبېرت ئىدى.

روبېرتنىڭ پەيدا بولۇشى مېولرېدنىڭ كۆڭلىنى بۆلۈۋەتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا كۆزەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەۋاتاتتى.

— ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى، — دېدى مىيولرېد، — تۈتلا ئادەم ئويغاق، قالغانلار ئۇخلاپ قالدى.

شۇ ئارىلىقتا تۈشۈكمۇ خېلى چوڭىيىپ قالدى.

روبېرت تۈشۈكتىن كىردى. ئېلېن خانىم:

— ياۋايىلار سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى روبېرت جاۋاب بېرىپ، — ھېلىقى قالايمىقانچىلىقتا قېچىپ كەتتىم، بۇ پىچاق بىلەن ماۋۇ ئارغامچىنى دېڭىزغا مۇراسىمدا ئوغرىلىۋالغان.

تاسادىپىيلا ئۆڭكۈرگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئاز-راقلا كولىۋېتىم، بۇ يەرگە كىرىپ قالدىم.

لېكىن، پاگانېل روبېرت بىلەن بىللە ئەمەس ئىدى. ئەھۋال خەتەرلىك ئىدى.

— پاگانېل نەدىلا بولسۇن، ئۇنىڭ ھالى بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىمىزدىن ناچار بولماس، بىز مېڭىۋېرەيلى! — دېدى مايور.

ئۆڭكۈردىن چىققاندا ئالدى تەرىپىنى بىر تام توسۇپ تۇراتتى. تامنىڭ ئېگىزلىكى 20 فوتلا كېلەتتى، مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە بىر قىيالىق بولۇپ، تاغ باغرىغىچە سوزۇلغانىدى. مۇبادا مائورىلار ئۇلارنىڭ قاچقانلىقىنى سېزىپ قالسا، بۇ ئۇزاق ئايلانما يولنى بېسىپ ئۆتكەندىلا ئاندىن ئۇلارغا يېتىشىۋالالايتتى.

قېچىش باشلاندى. تۇتقۇنلار بىرىنىڭ كەينىدىن

بىرى تۆشۈكتىن ئۆمىلەپ چىقىشتى. جون مانگلىس چېدىردىن چىقىشتىن بۇرۇن تۆشۈك كولىغاندا چىققان توپىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۆزى تۆشۈككە كىردى ـ دە، بىر پارچە بورىنى تۆشۈك ئاغزىغا بىلىنمەس قىلىپ يېپىپ قويدى.

ئەمدى تىك ياردىن ھېلىقى قىيالىققا چۇشۇشكە توغرا كەلدى. بىلگەندەك، روبېرت بىر تال ئارغامچىنى ئالغاچ كەلگەنىدى.

— مەن ئاۋۋال چۈشەي، — دېدى روبېرت، — قىيالىقتا چوڭقۇر بىر جاينى كۆرۈپ قويغانىدىم، ئالدىدا چۈشكەنلەر شۇ جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرسا بولىدۇ.

روبېرت شۇنداق دەپلا، تۆشۈك ئېغىزىدىن غايىب بولدى. بىر مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئارغامچا ئۈچ قېتىم سىلكىنىپ، بالا ئامان ـ ئېسەن پەسكە چۈشكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئارقىدىنلا سىر بىلەن خانىم ئارغامچا بىلەن پەسكە سىيرىلىپ چۈشتى. لېكىن، سىيرىلىپ يارنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە:

— توختاڭلار! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئەسلىدە ۋىلسون ئاگاھلاندۇرغان ئىكەن: بىر يەرلىك ئەسكەر ئارراق شەپە ئاڭلاپ قالغانمۇ ـ قانداق، ئىبادەتخانىغا قاراپ ماڭغان، چېدىرغا ئىككى قەدەمچە قالغاندا بىردەم قولاق سېلىپ تۇرۇۋېتىپ، بېشىنى چايقاپ بۇرادەرلىرىنىڭ يېنىغا كېتىپ قاپتۇ.

— بولدى، — دېدى ۋىلسون.

گىلبىنارۋان خانىمى بىلەن ياردىن ئاستا سىيرى-لىپ چۈشتى. پەستە روبېرت ئۆلارنى ساقلاپ تۇراتتى.

بەش مىنۇتتىن كېيىن تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتخانىدىن ئامان - ئېسەن چىقىپ، تار تاغ يولىدىن تاغ ئارىسىغا بېرىۋالدى. يەنە بەش مىنۇتتىن كېيىن تاڭ يورۇشقا باشلايدۇ، يىراقراق قېچىپ بېرىۋېلىپ، يەرلىكلەرگە ئىز قالدۇرماسلىق كېرەك ئىدى.

قۇياش چىقتى، تۇتقۇنلار ئالدىرىغاندا قاياققا مې-ڭىشنى بىلەلمەي قېلىشتى. توساتتىن نەچچە يۈز ئادەم تەڭ ۋارقىرىغاندەك چۇقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۆلارنىڭ قاچقانلىقى سېزىلىپ قالغانىدى. يېقىن ئەتراپتىكى تاغ تۆۋىدە بىر توپ يەرلىكلەر ئاللا - چۇقان سېلىشماقتا ئىدى.

ئۆلار يەرلىكلەرنى كۆردى، يەرلىكلەرمۇ ئۆلارنى كۆردى. يەرلىكلەر ئۆلارنى ئەڭ يېقىن يول بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

تىللاش - ۋارقىراشلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلى-ۋاتاتتى. تېزدىن تاغقا چىقىۋېلىش كېرەك.

— غەيرەت قىلايلى، دوستلار، — گىلبىنارۋان قو-لىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرايتتى. بەش مىنۇت ئۆتمەيلا ئۆلار تاغ چوققىسىغا چىقىپ بولدى، ئارقىسىغا قارىسا، يەرلىكلەر قوغلاپ چىقىۋېتىپتۇ.

— تاغدىن چۈشەيلى! — دەپ توۋلىدى گىلېنارۋان.

— ھاجىتى يوق، گىلېنارۋان، قاراڭ ئاۋۇلارغا! — دېدى مايور ئۇلارنى توسۇپ. ئۇلار پەسكە قارىدى.

خۇددى توختاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەندەك، يەرلىكلەر تۇرغان جايىدا تۇرۇشاتتى.

تۇتقۇنلار ئۇلارغا قاراپ ھاڭ-تاڭ قالدى.

توساتتىن جون مانگلىس ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ تاغ چوققىسىدىكى قەلئەنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— بۇ قەبىلە باشلىقى كاراتېتېنىڭ قەبرىسىغۇ! — دەۋەتتى روبېرت.

روبېرت خاتالاشمىغانىدى. ئۇلار جىددىيلەشكىنىدىن قېچىپ يۈرۈپ، مائۇنگانامۇ چوققىسىغا چىقىپ قالغانىدى.

ئۇلار چوققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى يانتۇلۇققا يامىشىپ چىقىپ، قەبرە ئالدىغا كېلىپ توختىدى. گىلېنارۋان قەبرە ئىچىگە كىرىپ، تېزلا ئارقىغا داجىپ كەتتى. ئۇ يەردە فورمىيودىن توقۇلغان يېپىنچا ئارتىۋالغان بىر مائورى بەخىرامان ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىۋاتاتتى. گىلېنارۋان گەپ قىلماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا مېڭىۋىدى، ھېلىقى يەرلىك ئادەم ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىنگلىزچە راۋان، يېقىملىق سۆزلەپ:

— ئولتۇرۇڭ، جانابى سىر، سىلەرگە ناشتىلىق

تەييارلاپ قويدۇم، — دېدى.

ئەسلىدە ئۇ پاگانېل ئىكەن. كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا قەبرىگە سەكرەپ چۈشتى. ھەممەيلەن بۇ پەم - پاراسەتلىك جۇغراپىيە ئالىمى بىلەن بىرمۇبىر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ قانداق قىلىپ مائۇنگانامۇ چوققىسىغا چىقىۋالغىنىنى سوراشتى.

— بۇ يەرگە بىر قەبىلە باشلىقى كۆمۈلگەن. بۇ قەبرە بىزنى قوغدايدۇ. چۈنكى، بۇ تاغ نەچچە كۈن بۇرۇنلا جىن - ئەرۋاھلار قوغدايدىغان مۇقەددەس تاغ بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، مەنمۇ خۇددى ئوتتۇرا ئەسىردە ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغانلار مۇقەددەس جايغا قېچىپ بېرىۋالغاندەك بۇ تاغقا قېچىپ كېلىۋالدىم، — دېدى پاگانېل مۇرىسىنى يەڭگىل قىسىپ قويۇپ، ئۇ تاغ تۈۋىدە چۇقان سېلىشىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ.

— ۋارقىراۋېرىڭلار، قايسىڭلار بۇ تاغقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالايدىكەنسىلەركىن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— پەرۋەردىگار بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپتۇ، — دېدى ئېلېن.

كۆپچىلىكنىڭ توختىماي سوراۋېرىشى بىلەن پاگانېل ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

كاراتېتي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ يەرلىكلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن پايدىلىنىپ تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ چىقىپتۇ. شۇ قاچقانچە ئۇدۇل مائورىلارنىڭ

قونالغۇسىغا بېرىپ قاپتۇ. پاگانېل ئۇ يەردە قەبىلە باشلىقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بوپتۇ. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن قەبىلە باشلىقى ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەي، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا يۈرۈپتۇ. قارىغاندا، قەبىلە باشلىقى ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلىۋالغان ئوخشايدۇ. جۇغراپىيە ئالىمىنىڭ كۆزەينىكى بىلەن دۇربۇنى قەبىلە باشلىقىدا پاگانېلغا قارىتا ھۆرمەت قوزغىغان بولسا كېرەك. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا يېقىنلاپلا يۈرۈپتۇ. لېكىن يەنىلا ئۇنى قېچىپ كەتمەسۇن دەپ، كېچىلىرى پاگانېلنىڭ پۇتىنى فورمىيومدىن توقۇلغان ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويۇپتۇ، ئۇ ئۈچ كۈننى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزۈپتۇ.

بەختكە يارىشا، بىر كۈنى ئۇ ئارغامچىنى چىشلەپ ئۈزۈپ قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇ يىراقتىن قەبىلە باشلىقى كاراتېتېنىڭ دېپنە مۇراسىمىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. كاراتېتېنىڭ جەسىتى مائۇنگانامۇ چوققىسىغا قويۇلغانلىقتىن، بۇ تاغنىڭ ئەمدى قوغدىلىدىغان مۇقەددەس تاغ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پاگانېل بىلىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىش قارارىغا كەپتۇ. ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئۇ قەبرىستانلىقتا كېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، دوستلىرىنى قۇتقۇزۇش پۇرسىتىنى كۈتۈپ يېتىپتىكەن.

ئەھۋال يەنىلا جىددىي ئىدى. يەرلىكلەر ئۇلارنى

قورشىۋېلىپ، ئۇلار ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي تاغدىن چۈشكەندە تۇتۇۋالماقچى بولۇشاتتى.

قانداقلا بولمىسۇن بىر ئامال قىلىپ، تاغدىن چۈشۈش كېرەك ئىدى. ئۇلار ئەتراپنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، مائۇنگانامۇ تېغى بىلەن ۋاقتى تېغى ئارىلىقىدا ماڭغىلى بولىدىغان بىر مىلچە ئۇزۇنلۇقتا بىر يول بارلىقىنى بايقىدى. كېچە قاراڭغۇسىدا بۇ قاپتالدىن يەرلىكلەرگە تۇيدۇرماي چۈشۈۋالغىلى بولسىلا، مائورىلارغا تۇتۇق بەرمەي قېچىپ كەتكىلى بولاتتى.

گىلبىنارۋان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى يۇرەكلىك بىلەن قاپتالنىڭ خەتەرلىك جايىدىن ئۆتمەكچى بولۇپ مېڭىشىغا، ئۇدۇلدىن مۆلدۈردەك ئوق يېغىپ، ئۆتۈپ كېتىشكە ئامال بولمىدى. ئۇلار نائىلاج قەبرىستانلىققا قايتىپ كەلدى. ئۇلار كېتىۋېتىپ، يەرنىڭ سىلكىنگەندەك قىلىۋاتقىنىنى سېزىپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

پاگانېل بۇ ھادىسىنى بۇرۇنلا كۆزىتىپ بولغانىدى. ئۇ بۇرادەرلىرىگە بۇ يەردىكى يانار تاغنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، يەر ئاستىدىكى ماگمىنىڭ ئېتىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى.

ئېلېن خانىم گىلبىنارۋاننى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ھەممەيلەن قەبرىگە قايتىپ كەلدى. يەرلىكلەر قاچقۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس جايىنى يەنە ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۇقان سېلىشىپ،

ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈشتى. يېڭى زېلاندىيە قەبىلە باشلىقىنىڭ قەبرىسىگە ئۇنىڭ قورالىرى قويۇلغان بولۇپ، ئوقلىرى بەتلەكلىك ھەم پىلتىسى چىقىرىپ قويۇلغان مىلتىق، ئۇزۇن نەيزە، يېمەكلىكلەر ۋە سۇدىن تارتىپ ھەممە نەرسە تەل ئىدى.

قاچقۇنلار يەنە بىرنەچچە كۈنگىچە ئاچ قالمايتتى. گىلېنارۋان ھەمراھلىرىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئايرىۋېلىپ، ئولبىنتقا بەردى. لېكىن بۇ يەردە ئوت يوق ئىدى. پاگانېل ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، ئوتنىڭ ئامالىنى قىلدى. ئالىم قىرىققۇلاق بىلەن تاتلىق ياڭيۇنى يەرگە كۆمۈشكە مەسلىھەت بەردى. دېگەندەك، يەر پوستىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 60 گرادۇستىن 65 گرادۇسقىچە ئىدى.

ئولبىنت ئەمدىلا بىر ئورەك كولاپ ھېلىقى قىرىققۇلاقنى قوياي دېۋىدى، يەردىن ھور كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى. ئەسلىدە، ئۇ ئېتىلىپ چىقالمايۋاتقان ماگما ئىكەن.

بىردەمدىلا ناشتىلىق تەييار بولدى. كۆپچىلىك غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن، گىلېنارۋان قېچىش پىلانىنى دەرھال تۈزۈشنى ئېيتتى. ئاخىر كۆپچىلىك تۈن كېچىدە شەرق تەرەپتىكى تاغ جىلغىسىغا قېچىپ بېرىۋېلىشنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتى. ئەگەر بۇ ئىشمۇ ئاقماي قالسا، پاگانېل ئۆزىنىڭ يەنە بىر پىلانى بارلىقىنى ئېيتتى.

كەچ سائەت توققۇز بولغاندا، گىلبىنارۋان بىلەن جون مانگلىس بىرىپ كۆزىتىپ كېلىش قارارىغا كەل- دى. ئىككىيلەن بىرنەچچە قەدەم ماڭغا - ماڭمايلا تاغ بېلىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن مىلتىق ئېتىلدى.

گىلبىنارۋاننىڭ قالپىقىنىڭ ئىككى يېرىنى ئوق تېشىۋەتتى. قارىماققا تاغ ئېدىرىنىڭ ئىككىلا تەرىپىگە مەرگەنلەر قويۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردىن قاراملىق بىلەن ئۆتكىلى بولمايتتى، كۆپچىلىك يەنە قەبرىگە قايتىپ كېلىپ ئۇخلاشقا مەجبۇر بولدى.

ئەتىسى، 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇياش كۆتۈرۈلدى. بىرنەچچە ياۋروپالىقنىڭ مۇقەددەس جاينى يەنىلا ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەرلىكلەر دەرغەزەپكە كېلىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

كۆپچىلىكنىڭ تاقەتسىزلىنىپ زورلىشى بىلەن پاگانېل دەرھال ئۆزى ئويلاپ تاپقان ئەپچىل چارىسىنى كۆپچىلىككە ئېيتتى. يەنى: يەرلىكلەرنىڭ خۇراپاتلىقى- دىن پايدىلىنىپ سۈنئىي يانار تاغ پەيدا قىلىپ، مائورىلا- رنىڭ خىيالىدا قاچقۇنلار ئەۋلىيالارنىڭ جىشىغا تېگىپ قويغاچقا، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن ئوخشايدۇ دېگەن ئويىنى پەيدا قىلىش دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

— ئەمەلىيەتتە بىز كاراتېتېنىڭ قەبرىسىدە ئۈچ - تۆت كۈن، ھەتتا بەش كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرساق يەر- لىكلەر بىزنى راستىنلا ئۆلۈپتۇ دەپ تونۇپ، بۇ يەردىن

چىكىنىپ كېتىدۇ، — دېدى پاگانېل.

— بۇ چارىنى ئوبدان ئويلاپسەن، — دېدى گىلېنار-ۋان. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك كەچ كىرگەندە ھەرد-كەتلەنمەكچى بولۇشتى.

قېچىشنىڭ ھەممە تەييارلىقلىرى پۈتتى. قەبرىدى-كى يېمەكلىكلەر بىرنەچچىگە بۆلۈپ ئورالدى.

سائەت ئالتىدە زاپخوز تاماق تەييارلىدى. كۆپچىلىك راسا ئوبدان غىزالىنىۋېلىشتى.

گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىدى، يىراقتىن چاقىقان چاقماق ئاسماننى يېرىپ ئۆتتى، پاگانېل بورانلىق يام-غۇرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى.

قاراڭغۇ چۈشتى، كۆپچىلىك بىردەك ھەرىكەتكە كەلدى. كاراتېتېنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇۋېتىمىسۇن دەپ، ۋولقان ئېغىزى قەبرىدىن 30 قەدەم يىراقلىقتا بېكىتىلدى. چۈنكى، قەبرە يوقالسا، تاغمۇ ئەرۋاھلار قوغدىمايدىغان تاغ بولۇپ قالاتتى.

ئەرلەر قەبرىدىن بىرنەچچە قوزۇقنى قومۇرۇۋېلىپ، ئەتراپىدىن ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يوغان تاشنىڭ ئاستىغا پىشاڭ قىلىپ، تاشنى قومۇرۇشقا باشلىدى. ھايال ئۆتمەي يېرىق ئېچىلدى. ھور كۆتۈرۈلدى، تاشمۇ يەردىن ئاجرىدى. نېپىز يەر پوستى بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. پورۇقلاپ تۇرغان قىزىق گاز ئاسمانغا

كۆتۈرۈلدى. ۋۇلقان «گۇم، گۇم» قىلىپ ئېتىلاتتى. پۈتكۈل تاغ تىترىدى. يانار تاغنىڭ تاش پارچىلىرى چېچىلىپ، ئەتراپنى بىر ئالدى.

ۋۇلقان ئېتىلىۋاتقاندا، پەستىن مائورىلارنىڭ ئۈنلۈك دۇرۇت ئوقۇۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— خۇدا بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ئامان - ئېسەن ساقلىغايسەن!

شۇ تاپتا، يەر ئاستىدا ئۇزۇن ۋاقىت تولغانغان بىسىم كۈچى تېخىمۇ دەھشەت بىلەن يەر ئۈستىگە ئېتىلماقتا ئىدى. نۇرغۇن چاشقانلارمۇ ئەمدى ئۆزلىرىگە نېسىپ بولمىغان كامارلاردىن قېچىپ چىقىشىۋاتاتتى. قاچقۇنلار ياغاچ قاشانىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشات-تى. ئەتىسىمۇ يانار تاغنىڭ ھەيۋىسى پەسىيىدىغاندەك قىلمايتتى.

مائورىلار يېقىندىكى ئېگىزلىككە چىقىۋالغاچقا، ماگما ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمىدى. تاغ ئېتىكىدە قالدۇرۇلغان بىرنەچچە جەسەت كۆيۈپ كۈل بولدى. مائورىلار ئۇ يەردە بىر توپ- بۇ يەردە بىر توپ بولۇپ قويۇق تۇتەك قاپلىغان مائۇنگانامۇ تېغىغا قارايتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىنى دىن ۋەھىمىسى قاپلىغانىدى.

كائى كومۇ پېرىخون جىن قوغلاۋاتقاندەك ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ ئىنتىقام ئالغان

تاغقا يەنىمۇ قاتتىقراق ئىلتىجا قىلدى.

بىردەمدىن كېيىن، يەرلىكلەر بىر ـ بىرلەپ ئەگ-رى ـ توقاي تاغ يوللىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قەلئەسىگە قاراپ كەتتى.

— ئۇلار كەتتى! — ۋارقىرىدى گىلېنارۋان، — بىزنىڭ تاكتىكىمىز غەلىبىلىك بولدى.

يەنە بىر كۈن يول ماڭغاندا ئاندىن بۇ جايدىن كەتكىلى بولاتتى. ئۇلار مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ كېيىنكى پىلان ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى.

مەسلىھەت ئارقىلىق قاچقۇنلار شەرق تەرەپتىكى پېلېنتى قولتۇقىغا بېرىۋېلىش قارارىغا كېلىشتى. ئۇ يەرگە بېرىشتا، تونۇش بولمىغان، ئادەم ئايىغى بېسىل-مىغان جايلاردىن ئۆتۈشكە، ئىلاج قىلىپ مائورىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىققا توغرا كېلەتتى.

تاۋپو كۆلى بىلەن پېلېنتى قولتۇقىنىڭ ئارىلىقى 100 ئىنگلىز مىلىچە كېلەتتى. ھەر كۈنى 10 ئىنگلىز مىلى يول باسقاندا 10 كۈندە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئۇلار كۆزلىگەن جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پۈر-سەت تېپىپ ئوكلېندقا بېرىۋالماقچى بولۇشتى.

ئۇلار يەرلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇردى. تاغ باغرىدا مائورىلارنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بىرەر گۈلخانمۇ كۆرۈنمەيتتى. يول ئوچۇق ئىدى.

سائەت توققۇزدا ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا، گىلىنارۋان يولغا چىقىشقا سىگنال بەردى. كۆپچىلىك يېمەك - ئىچمەك ۋە قورال - ياراغنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

تاغ چوققىسىدىن 200 فوت تۆۋەنگە چۈشكەندە، جون مانگلىس بىلەن ئۇنىڭ ماتروسى مائورىلار ئىلگىرى قوغداۋاتقان ئاشۇ خەتەرلىك تاغ ئېدىرىغا يېتىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بۇ خەتەرلىك جايدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋېلىشتى ۋە ئۇن - تۇن چىقارماي تاغقا يامىشىپ، ئاخىر ئەرۋاھلار قوغدايدىغان دائىرىدىن قېچىپ چىقىۋالدى.

قاچقۇنلار قويۇق ئورمانلىق ئىچىگە كىرىۋالدى، ئۇلار ئۈچ سائەتكىچە ئازراقمۇ دەم ئالماي، تاغنىڭ شەرقىي تىك يانباغرىنى بويلاپ توختىماي ماڭدى.

شۇ كۈنى ئۇلار 12 سائەت مېڭىپ، 12 مىل يول باستى. كەچتە، ئۇلار تاغدىن سەككىز مىل يىراقلىقتا توختاپ ئارام ئېلىپ، دالىدىلا يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەتىسى يول مېڭىش تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئۇلار ۋولقان پەيدا قىلغان ئاجايىپ كۆللەر ۋە ئىس چىقىۋاتقان گۈڭگۈرت تۆپىلىكلەر ئارىسىدىن ئۆتكىچە پۇتلىرى تېلىپ ھالى قالمىدى. ئۇلار ھەربىر چارەك مىل يول يۈرگىچە كىشىنى ھاردۇرۇۋېتىدىغان ئاجايىپ توسالغۇلاردىن ئۆتەتتى. بۇ قاتمۇقات توسالغۇلاردىن

ئۆتكىچە ئۇلار شۇ قەدەر چارچىدىكى، ئۇھ دېگۈدەك ماجالى قالمىدى.

ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق قىيىن يولنى ئۇلار تۆت كۈندە بېسىپ بولدى. 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مائۇنگانا-مۇدىن 50 مىل يىراقلىقتىكى بىر نامسىز تاغ ئېتىكىگە كەلگەندە، ئۇلار قونۇش ئۇچۇن توختىدى.

سەپەرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى تولىمۇ مەنىسىز ۋە بەكمۇ زېرىكىشلىك ئۆتتى. جون مانگلىس يولنى قوياش ۋە يۇلتۇزلارغا قاراپ بەلگىلەپ ماڭدى، تەڭرى ئۇلارغا رەھىم قىلدى بولغاي، كۈنمۇ ئۇنچىلىك ئىسسىپ كەتمىدى، يامغۇرمۇ ياغمىدى.

دېڭىز بويىغا يېقىنلاشقانسېرى گىلېنارۋان «دونكان» بىلەن ماتروسلىرىنى شۇنچە سېغىندى.

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۇلارنىڭ يولىنى بىر دەريا توسۇپ قويدى. پاگانېلنىڭ خەرىتىسىگە قاراپ ئۇنىڭ ۋايكارى دەرياسى ئىكەنلىكىنى، سۇيىنىڭ ئانچە چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى، كېچىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىشتى. كېيىنكى ئىككى كۈندە ئۇلار چاتقال بېسىپ كەتكەن تۇزلەڭلىك بىلەنلا ماڭدى. يول يېرىملاشقاندا، ئۇلار چېكى يوق ئورمانغا كىرىپ قالدى. ئۇ يەردىكى دەرەخلەرنىڭ ئايلانمىسى 17 مېتىرچە بولۇپ، 100 ياش-تىن 600 ياشقىچە بولغان دەرەخلەر ئىدى. ئۇلار ئور-مانلىقتا ساق ئۈچ كۈن يول ماڭدى.

ئورمانلىقتا قۇشلار ئۇلارنىڭ مەززىلىك تاماقى بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەچتە، گىلېنارۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قارىغايزارلىقتىن چىقىپ، ئىككى پېنژىر تېغى ئېتىكىگە كېلىپ قونۇش ئۈچۈن توختاشتى. بۇ يەردىن دېڭىز قىرغىقىغا يەنە 30 مىلچە يول بار ئىدى.

مۇساپە ئەسلىدىكى مۆلچەردىن سەل ئارتىپ كەتكەنىدى. ئىككى پېنژىر تېغىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە ماڭىدىغان ئىككى كۈنلۈك يول بار ئىدى. ئۇلار تېخى يەرلىكلەر رايونىدىن چىقىپ كەتمىگەچكە، ھەمىشە ھوشيار بولمىسا بولمايتتى.

ئەتىسى ئۇلار تاڭ يورۇشى بىلەنلا يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئىچىدىغان سۇلىرى تۈگەي دەپ قالغانىدى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئۇلار بۇ يەردە بىر توپ يەرلىك قەبىلە ئادەملىرىگە يولۇقۇپ قالدى. ئۇلار ئاخىرقى غەيرىتىنى توپلاپ ئېلىشماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، كاپىتان:

— قېيىق، ئەنە قېيىق! — دەپ توۋلىدى.

دېگەندەك، 20 قەدەمچە يىراقلىقتىكى قىرغاقتا ئالتە پالىقى بار بىر قېيىق قۇمغا پېتىپ تۇراتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇلار قېيىقنى دەرياغا ئىتتىرىپ كىرگۈزدى، 10 مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، ئۇلار

قېيىقنى قىرغاقتىن چارەك مىل يىراقلىقتا ھەيدەپ باردى.

بۇ چاغدا لوتتىن تۇمشۇقى تەرەپتىن ئۈچ قېيىق قوغلاپ كەلدى. ئۇلار پالاقنى جىددىي قىلىپ ئۇرۇپ، دېڭىزغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ تەتۈر يۆنىلىشتىكى يېرىم سائەتچە پالاق ئۇرۇپ، بىرىپ ھالىدىن كەتتى. ھېلىقى ئۈچ دانە قېيىق ئۇلارغا يېتىشىۋالاي دەپ قالدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى مىلتىقلار بەتلەكلىك ئىدى.

تۇيۇقسىزلا، گلېنارۋاننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئۇ بىر كېمىنى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ كۆپچىلىككە پالاقلارنى يەنىمۇ كۈچەپ ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. كېمە بارغانسېرى ئېنىق كۆرۈندى.

— «دونكان!» — دەپ ۋارقىرىدى گلېنارۋان، — «دونكان» بىلەن ھېلىقى قاراقچىلار ئىكەن، ئەتراپىمىزنى دۈشمەنلەر ئورىۋالدى.

بۇ چاغدا ئۇلارغا يېقىنلاپ قالغان بىر قېيىقتىكى يەرلىكلەرنىڭ بىرى بىر پاي ئوق ئېتىۋىدى، ئوق دەل ۋىلسوننىڭ پالىقىغا تەگدى. كېمىدىنمۇ ئۇلارغا قارىتىپ توپ ئېتىلدى. گلېنارۋان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى «دونكان» بىلەن يەرلىكلەرنىڭ قېيىقى ئارىسىدا قورشاۋدا قالدى. ئۇلار قېيىقنى جايىدىلا توختىتىپ، بېشىغا كەلگەننى كۆرمەكچى بولۇشتى.

جون مانگلىسنىڭ ئۇمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. ئۇ قېيىقنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ، پالتىنى قولىغا ئالدى.

— توم ئوستىن! — روبېرتنىڭ ئاۋازى مانگلىسنى توختىتىپ قويدى، — ئۇ كېمىدە ئىكەن!

بۇ چاغدا، كېمىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئىككىنچى پاي توپ ئوقى ھېلىقى ئۈچ قېيىقنىڭ ئەڭ ئالدىدىكىسىگە تېگىپ، قېيىقنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، نېمە بولۇۋاتقىنىنى بىلەلمىگەن ئون مۇساپىر «دونكان» غا چىقتى.

بۇ چاغدا شوتلاندىيىنىڭ قەدىمىي مۇزىكىلىرى ۋە «ئۇررا» سادالىرى ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىدى.

گىلېنارۋان ۋە باشقىلارنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. بۇ خۇشاللىقتىن چىققان شادلىق يېشى ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن قىزغىن قۇچاقلاشتى.

«دونكان» قانداق قىلىپ يېڭى زېلاندىيىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا كېلىپ قالدى؟ ئەجەب بېن ژۇيىس شايكىسىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالماپتىغۇ؟

ھەممەيلەن بۇ سوئالنى تەڭلا سوراپ، ئوستىنىنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

— «دونكان» جانابىڭىزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مۇشۇ يەرگە كەلدىغۇ! — دېدى توم جاۋاب بېرىپ، — مېلبورندا كېمىنى رېمونت قىلىپ بولۇپ

تۇرۇشىمىزغا، ئىلگىرى «برىتانىيە» ناملىق كېمىنىڭ بوتسمانى بولغان ئايرتون ئىسىملىك بىر ماتروس خېتىڭىزنى بىزگە يەتكۈزدى.

— بۇيرۇقتا كېمىنى ئاۋستراليىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئاپىرىڭلار، دېيىلگەنتىغۇ؟ — دېدى گىلېنارۋان.

— توغرا ئەمەس، يېڭى زېلاندىيىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىغا دېيىلگەن، — دېدى توم ھەيران بولغان ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— توم، خەتنى ساقلاپ قويدۇڭمۇ؟ — سورىدى مايور.

— ساقلاپ قويغان، — دېدى ئوستىن، — ھازىرلا بېرىپ ئېلىپ كېلەي.

— جانابلىرى، كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى پېشقەدەم ماتروس.

دەرۋەقە، خەت مۇنداق يېزىلغانىدى: «دونكان37 — پا-راللېلنى بويلاپ يېڭى زېلاندىيىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقى تۇتىشىدىغان دېڭىز تەۋەسىگە ھەيدەپ بېرىل-سۇن....»

توغرا، يېڭى زېلاندىيە ئىكەن، پاگانېل سۆزلەۋېتىپ سەكرەپ كەتتى.

مايور چىرايىنى تۈرۈپ:

— پاگانېل، تەلىيىمىز بار ئىكەن، ھېلىمۇ ياخشى



«دونكان» نى ھىندىچىنىغا يوللىۋەتمەپسىز، — دېدى.

پاگانېل خۇدىنى يوقىتىپ قويغاندەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، كېمىنىڭ بېشىغا كېلىپ بىر تال تانىغا پۇتلىشىپ كەتتى. ئۇ ئىتتىككلا تانىنى تۇتۇۋالدى.

تۇيۇقسىز قۇلاقنى يارغۇدەك «گۇم» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. پاراخوتنىڭ باش تەرىپىدىكى زەمبىرەك ئېتىلىپ كەتكەنىدى. ئوق تېپتىنچ دېڭىز يۈزىنى يېرىپ ئۆتتى، ئەسلىدە زەمبىرەككە ئوق قاچىلاقلىق بولۇپ، پاگانېلنى نەس باسقانمۇ ـ قانداق، ئۇ قىماي زەمبىرەكنىڭ ئوت ئېچىش تانىسىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئالىم پەلەمپەيدىن دومىلىغىنىچە كايوتا ئىشىككە سوقۇلۇپ، ئۇدۇل تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

10 نەپەر ماتروس ئاستىنقى كايوتىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، قۇرتتەك تۈگۈلۈپ قالغان پاگانېلنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقتى.

مايور ئەسلىدە دوختۇر ئىدى. بىچارە پاگانېلنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، يارىسىنى تاڭماقچى بولدى. پاگانېل:

— ياق، سالدۇرماڭلار! سالدۇرماڭلار! — دەپ تولاپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ يارىلانمىغان، پەقەت ئوتتۇرا كايوتىنىڭ تۈۋرۈكىگە سوقۇلۇپ، تۈۋرۈكنى سۇندۇرۇۋەتكەنىدى.

— قانداق بىر غەلىتە قىياس بىلەن ئاۋستراليىنى يېڭى زېلاندىيە دەپ يېزىپ قويدىڭىز؟ — دەپ سورىدى گلېنارۋان ئالىمدىن.

— بۇنىڭغا نېمە ئامال، مەن ئۆزۈم بىر غەم يېمەس كالۋا تۇرسام، — دېدى پاگانېل.

ۋەھالەنكى، ئالىمنىڭ بىخەستەلىكى«دونكان» بىلەن ئەترەتتىكىلەرنى ئۇچراشتۇرۇپ مۆجىزە ياراتقانىدى.

ھەممەيلەن كايوتاغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، گلېنارۋان ئوستىندىن سورىدى:

— مۇنداق بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغىنىڭىزدا ھەيران قالمىدىڭىزمۇ؟

— مەن پاراخوت قىرغاقتىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەندە ئاندىن پاراخوت يۆنىلىشىنى ئېلان قىلغانتىم. ئۇ چاغدا پاراكەندىچىلىك بولۇپ، بوتىسمان ماتروس ئايرتون...

ئوستىننىڭ سۆزى تۈگىمەيلا گلېنارۋان ۋارقىراپ كەتتى.

— ئۇ قېنى؟

— مەن ئۇنى سولاپ قويدۇم.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى ئۇ ساياھەت پاراخوتىنىڭ يېڭى زېلاندىيىگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئاچچىقلاپ كەتكەنىدى. مېنى پاراخوت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە قىستاپ، ماڭا

تەھدىت سالدى. شۇڭا مەن نائىلاج ئۇنىڭدىن قوغدىنىش چارىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدۇم.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، گىلبىنارۋان بىر ژۇ-يىس دېگەن بۇ ئەبلەخكە ئۇ ئەسلىدە ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەم يەنى، ئۆزىنى بىر كۆرستىپ قويماقچى بولدى.

ئايرتون گىلبىنارۋاننىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا:

— بىز يەنە ئۇچراشتۇق! سىنىڭ يەنە دەيدىغان گېپىڭ بارمۇ؟ — دېدى گىلبىنارۋان.

— دەيدىغان ھېچقانداق گېپىم يوق، جاناب، ئەخمەقلىق قىلىپ قولىڭىزغا چۈشۈپ قالدىم، ئەمدى مېنى نېمە قىلىمەن دېسىڭىز ئىختىيارىڭىز.

— سېنى ئايرتون دەپ ئاتامدۇق ياكى بىر ژۇيىس-مۇ؟

— سەن «برىتانىيە» ناملىق كېمىنىڭ بوتىسما-نىمۇ؟—سورىدى گىلبىنارۋان.

ئايرتوننىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى قاتتىق ئىدى. گىلبىنارۋاننىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. لېكىن ئۇ مېنى جىنايىتى بار دېيىشكە ئاساسىڭلار يوق، دېگەن گەپنىلا قىلاتتى.

گىلبىنارۋان ئۇنىڭغا يالۋۇرغان ھالدا:

— كاررى گرانت قەيەردە؟ ھېچبولمىغاندا مۇشۇ ئىككى بىچارە بالا ئۈچۈن بولسىمۇ ئېيتىپ

بەرگىن، — دېدى.

ئايرتون جاھىللىق بىلەن ھېچنېمە دېمەي تۇرۇۋالدى. گىلېنارۋان مەغلۇپ بولدى، «دونكان» نى قايتۇرۇپ كېتىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

جون كېمىنى تالكاگۇئانۇ قولتۇقىغا ھەيدەپ بېرىپ يېقىلغۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈكنى تولۇقلىغاندىن كېيىن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ، ھورىن تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاندىن شوتلاندىيىگە قايتىش تەكلىپىنى بەردى.

بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنىپ، كېمە قايتىدىغان بولدى. گىلېنارۋاننىڭ بوتىسماندىن جاۋاب ئېلىشقا ئۇرۇنۇشى مەغلۇپ بولدى.

ئېرىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېلېن خانىم بۇ جاھىل بوتىسمانغا ئۆزى تاقابىل تۇرماقچى بولدى.

شۇ كۈنى تۆتىنچى ئايغا بەش بولغانىدى. بىرى ئايرتوننى ئېلېن خانىمنىڭ بۆلمىسىگە باشلاپ كىردى. گىلېنارۋانمۇ شۇ يەردە ئىدى.

ئۇلار بوتىسمان بىلەن بىر سائەتتەك پاراڭلاشتى، لېكىن سۆھبەت توغرىسىدا باشقىلارغا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى بەكلا سولغۇن ئىدى.

ئېلېن خانىمنىڭ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگۈسى كەلمىدى. ئەتىسى ئايرتوننىڭ ياتىقىغا ئۆزى بېرىپ، قاراقچىلارنىڭ بۇ كاتتىۋېشى بىلەن ئىككى سائەت

سۆزلەشتى. بۇ قېتىم ئېلېن خانىمنىڭ چىرايىدا ئاز - تولا ئىشەنچ جىلۋىلەندى. ئېلېن خانىم سۆزىدىن يانماي چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، بوتىسمان ئاخىر يول قويدى.

ئايرتون گىلېنارۋان بىلەن كېلىشىم تۈزۈشمەكچى بولۇپ، ئالىم بىلەن مايورمۇ كېلىشىم تۈزۈشكەندە ئۈستىدە تۇرسۇن دېگەن تەلەپنى قويدى.

گىلېنارۋان مايور بىلەن كاپىتاننى چاقىرىپ كېلىپ:

— قانداق سودىلىشىمىز؟ — دېدى.

بىر قاقاس ئارالغا ئاپىرىۋېتىپ، ئۆزىگە توۋا قىلىش پۇرسىتى بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ گىلېنارۋاننىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقتى.

— ئايرتون، ئەگەر مەن سېنىڭ تەلىپىڭگە قوشۇلسام، مەن بىلمەكچى بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەمسەن؟ — دېدى گىلېنارۋان بىردەم ئويلىنىۋېلىپ.

ئايرتون «بىرىتانىيە» ناملىق كېمە توغرىسىدىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. لېكىن گاررى گرانت توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلىدىغىنى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى.

ئۇ كۆپچىلىككە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى:

— مېنىڭ ھەقىقىي ئىسمىم توم ئايرتون، «بىرىتانىيە» ناملىق كېمىنىڭ بوتىسمانى بولىمەن.

1861 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گاررى گرانتنىڭ كېمىسى گلازگودىن يولغا چىقىپ، كۆچمەنلەر رايونىنى ئىزدەپ تىنچ ئوكياندا 14 ئاي يۈردى. كاپىتان گرانت چوڭ ئىشلارنى قىلغان ئادەم، لېكىن بىز ئىككىمىز پات ـ پات قىزىرىشىپ قالاتتۇق. مەن ماتروسلارنى مەن بىلەن بىللە كاپىتان گرانتقا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ھېلىقى كېمىنى ئوغرىلاپ قېچىشقا قۇتراتماقچى بولدۇم. گاررى گرانت قىلچە ئىككىلەنمەي، 1862 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاۋستىرالىيىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى ئادەم ئايىغى باسمىغان بىر جايغا كەلگەندە مېنى كېمىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ يەر غەربىي ئاۋستىرالىيىنىڭ مەركىزىگە ناھايىتى يېقىن ئىدى. مەن دېڭىز بويىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، يېڭىلا تۈرمىدىن قاچقان بىر تۈركۈم قاچقۇنلارغا ئۇچراپ قېلىپ شۇلارنىڭ توپىغا قېتىلىۋېلىپ، ئىسمىمنى بېن ژۇيىسقا ئۆزگەرتىۋالدىم. 1864 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ھېلىقى ئېرلاندىيىلىكنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ، ھەقىقىي ئىسمىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ مالاي بولدۇم. كاپىتان گرانت بۇرۇنلا يېڭى زېلاندىيىگە بېرىپ، ئۇ يەرنى كۆرۈپ كېلىش ئويىدا يۈرەتتى. «برىتانىيە» ناملىق كېمە كالىياۋدىن يېڭى زېلاندىيە قۇرۇقلۇقىغا بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بوتىسماننى ئىككى قاراۋۇل ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— مېنىڭ خەتتىي خاتا يازغىنىم بىزنىڭ جېنىمىز-نى قۇتقۇزۇپ قالدى، — دېدى پاگانېل، — لېكىن مېنىڭ خەتتىي خاتا يېزىشىمنىڭ قىلچە ئاساسى يوقمۇ ئەمەس. خەتتىي يېزىۋاتقىنىمدا، «يېڭى زېلاندىيە» دېگەن ئاتالغۇ كاللامدىن زادىلا كەتمىدى. ئۇچىنچى خىل ئىزاھاتىم بويىچە ماتېرىياللارنى بىر قېتىم تەرجىمە قىلدىم، 1862 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ 27 ــ كۈنى بولۇشى كېرەك ئىدى. «برىتانىيە» ناملىق كېمە جەنۇبىي يېرىم شاردىكى دېڭىز تەۋەلىكىدە ئۇزاق ۋاقىت تىركىشىپ، يېڭى زېلاندىيىنىڭ قورۇقلۇقىغا يېقىن دېڭىز تەۋەلىكىدە ھالاك بولغان ئىكەن.

كېمە ھەقىقەتەن يېڭى زېلاندىيىدە ھالاك بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى، گاررى گرانتنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. پاگانېل كېمىنى ئەسلىدىكى يۆنىلىش بويىچە ھەيدەپ مېڭىپ، بىرەر ئارالنى تېپىپ ئايرىتوننى شۇ يەرگە تاشلاپ كېتىش تەكلىپىنى بەردى. پاگانېل بىلەن جون مانگلىس دېڭىز خەرىتىسىنى كۆرۈپ چىقتى. دەل 37 ــ پاراللېلدا مارىيە ــ تېرېزا ناملىق بىر يېگانە ئارال بار ئىكەن. ئۇلار بۇ ئارالنىڭ ئورنىنى ئايرىتونغا ئېيتتى. شۇ يەردە ئۇلاردىن ئايرىلىپ، يەككە ــ يېگانە ياشاشقا ماقۇل بولدى.

كۆزىتىش مۇنارىسىدا مارىيە ــ تېرېزا ئارىلىنىڭ

قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە جون مانگلىس ئاسماننىڭ يىراق بىر يېرىدە سۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان تۇتۇننى كۆرگەندەك بولدى.

— يانار تاغمۇ ـ نېمە؟ — دېدى ئۇ پاگانېلدىن.

ئۇلار ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا قېيىقتىن بىرنى سۇغا تاشلاپ قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولدى.

كەچقۇرۇن سائەت سەككىزلەردە «دونكان» ئارالغا خېلى يېقىنلاپ قالدى. سائەت توققۇزلاردا كۈچلۈك بىر نۇر قاراڭغۇ ئاسماندا يالت قىلىپ چاقنىدى.

— دېمەك، بۇ راستتىنلا يانار تاغ ئىكەن، — دېدى پاگانېل.

— ئەجەبا، بىز يانار تاغنىڭ پارتلىغىنىنى ئاڭلىماي قالدۇقمۇ، — دېدى جون مانگلىس.

بىردەمدىن كېيىن، كاپىتان:

— يەنە بىر ئوت كۆرۈندى، بۇ قېتىمقىسى دېڭىز ساھىلىدا، ئەنە قاراڭ! ئوت ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە يۆتكىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى.

— دېمەك، بۇ ئارالدا ئادەم بار ئىكەن ـ دە، — سورىدى گىلېنارۋان.

— ئېنىقكى، بۇ يەردە تۇرىدىغانلار ياۋايىلار، — دېدى پاگانېل جاۋاب بېرىپ، ئۇ يەنە:

— يېڭى زېلاندىيىلىك ياۋايىلارنىڭ مەشئەلىنى پۇلاڭلىتىپ كېمىچىلەرنى ئالداپ بۇلايدىغان ئادىتى



— دېگەننى قوشۇپ قويدى.

ئۇلار قالغان گەپنى ئەتە بىرنېمە دېيىشەيلى، دەپ ئۇخلاش ئۈچۈن كېمىگە قايتىشتى.

كاپىتان گرانتنىڭ ئىككى پەرزەنتى كېمە رېشاتكىسىغا يۆلىنىپ، چىمىرلاۋاتقان دېڭىز سۈيىگە مۆڭگىلىنىپ قارايتتى. ئىككىلىسى دادىسىنى تولىمۇ سېغىنغانىدى.

روبېرت ئۆزىنىڭ ماتروس بولغانلىقىنى ھەدىسىگە ئېيتتى. ئۇ ھەدىسىگە:

— كاپىتان جون تېخى ئۇمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزگىنى يوق، مەن ئۆز ئالدىمغا مۇستەقىل ئىش قىلالىغۇدەك بولغۇچە ئۇ مەن بىلەن بىللە دادىمىزنى ئىزدىمەكچى، سىر سېنى مالكولىم قەلئەسىدە ئېلىپ قېلىپ ئۆزىنىڭ قىزى قىلىپ بېقىۋالماقچى، سەن شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرساڭ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە جون بىلەن ئىككىمىز دادامنى تېپىپ كېلىمىز، — دېدى.

— ناۋادا دادام سېنىڭ مۇشۇ گېپىڭنى ئاڭلىغان بولسا، ئۆزىنى نەقەدەر بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتى ـ ھە! — دېدى مېرى.

كاپىتان گرانتنىڭ ئىككى پەرزەنتى چەكسىز خىيال ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا، مېرى بىلەن روبېرت گۇگۇم قويىنىدا بىر ئاڭلىنىپ، بىر يىراقلاۋاتقان دېڭىز شاۋقۇنى ئارىسىدىن بىر

ئادەمنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

ئىككىسىلەن دىققەت قىلىپ تۇرۇۋىدى، بىردەمدىن كېيىن بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— دادام! دادام! — ئىككىلىسى تەڭلا ۋارقىرىدى.

مېرى تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، ئۆزىنى تۇتالماي ھوشسىزلىنىپ روبېرتنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى.

— قۇتقۇزۇڭلار! — روبېرتنىڭ توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن يېتىپ كېلىشتى.

— ھەدەم بولالمايۋاتىدۇ، دادام ئاۋۇ تەرەپتە! — دېدى روبېرت دېڭىزنى كۆرسىتىپ. كۆپچىلىك ئۇنىڭ سۆزىدىن ھېچنېمىنى بىلەلمەي ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

شۇ ئارىدا مېرى گرانتمۇ ھوشىغا كېلىپ:

— دادام! دادام ئاشۇ يەردە! — دەپ توۋلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېڭىزغا سەكرىمەكچى بولۇپ رېشاتكىغا ئېسىلدى.

بۇ چاغدا روبېرتمۇ:

— جەزم قىلىمەنكى، ئۇ مېنىڭ دادام، ئىشىنىڭ جاناب! — دەپ توختىماي سۆزلەيتتى.

كۆپچىلىك كاپىتاننىڭ بالىلىرى دادىسىنى تولا ئويلاۋېرىپ ئېلىشىپ قاپتۇ، دېگەن ئويغا كېلىشكەنىدى. گلېنارۋاننىڭ بالىلارنىڭ ھازىرچە ھوشىغا كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، رول ئالدىدا تۇرغان

ماتروسنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن:

— بىرەرسىنىڭ چاقىرغىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچنېمە ئاڭلىمىدىم، — دېدى ئۇكىنس.

— ئەگەر چاقىرغان ئادەم ئۇكىنسىنىڭ دادىسى بولغان بولسا ئىدى. ئۇ ھېچنېمە ئاڭلىمىدىم دېمىگەن بولاتتى، — دېدى روبېرت ھۆكرەپ يىغلاپ. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، بىردىنلا ئۇ ھوشىدىن كەتتى.

— ئىككىيلەن بەك ئازابلانغاچقا، ئۇلاردا بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش خىيال پەيدا بولۇپ قالغان، — دېدى گىلېنارۋان.

ئەتىسى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، سەھەر سائەت بەشلەردە، تاڭ يېڭىلا سۈزۈلگەندە يولۇچىلار «دونكان» ناملىق كېمىنىڭ پالوبىسىغا چىقتى. بۇ چاغدا روبېرت توساتتىن توۋلاپ: ئىككى ئادەمنى كۆردۈم. ئۇلار يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ قول پۇلاڭلاتتى. بايىراق پۇلاڭلىتىۋاتقان ئۈچىنچى ئادەممۇ بار، دېدى.

— ئەنگلىيىنىڭ بايرىقى! — دېدى جون مانگلىس.

روبېرت قېيىق بىلەن قۇرۇقلۇققا چىقىمەن، دەپ يالۋۇردى. گىلېنارۋاننىڭ روبېرتنى ئەمدى توسۇۋالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇنىڭ بىلەن قېيىق دېڭىزغا چۈشۈرۈلدى. كاپىتاننىڭ ئىككى پەرزەنتى،

گىلېنارۋان، جون مانگلىس، پاگانېللار دەرھال قېيىققا چۈشتى. ئالتە ماتروس پالاقنى بار كۈچى بىلەن ئۇرۇپ، كېمىدىن ئۇچقاندەك تېز يىراقلاپ كەتتى. قىرغاققا ئاز قالغاندا مېرى يۈرەكنى ئېزىدىغان ئاۋازدا:

— دادا! — دەپ ۋارقىرىدى.

دېگەندەك، قىرغاقتا بىر ئادەم تۇراتتى، بۇ دەل كاپىتان گرانت ئىدى.

كاپىتان مېرىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، خۇددى چاقماق ئۇرغاندەك قۇملۇققا يىقىلدى.

بۇ شاد ـ خۇراملىق مەنزىرىنى قانداق تەسۋىرلىگۈلۈك؟ كۆپچىلىك ئاتا ـ بالا ئۇچەيلەننىڭ چىڭ قۇچاقلاشقىنىغا قاراپ تەسىرلەنگىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، كۆزىگە ياش ئېلىشتى.

قېيىق يېگانە ئارالدىن كېمىگە قاراپ ئۈزۈۋاتقاندا، باللار «دونكان» ناملىق كېمىدە ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى دادىسىغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بېرىشكە ئۈلگۈردى.

گاررى گرانتنىڭ قەلبى شادلىققا چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرغان چىرايىدا شۇ قەدەر سەمىمىيلىك ۋە شۇ قەدەر مېھرىبانلىق ئەكس ئېتەتتى. ماتروسلار ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنىنىڭ تارتقان جەبىر ـ جاپاسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىگە قايىل بولۇشتى. تولىمۇ تەمكىن كۆرۈنىدىغان مايورمۇ كۆز

يېشىنى توختىتالماي قالدى.

گاررى گرانت قىزىدىن كۆزىنى ئالالمايتتى. ئۇ قىزنىڭ ناھايىتى چىرايلىق، نازاكەتلىك چوڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ يەنە بۇرۇلۇپ ئوغلىغا قارىدى.

— چوڭ بوپتۇ، ھەقىقەتەن بىر ئەزىمەت بوپتۇ! — دېگىنىچە سۆيۈملۈك بالىلىرىنى توختىماي سۆيۈپ كەتتى.

روبېرت دادىسىغا دوستلىرىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ چىقتى. نۆۋەت جون مانگلىسقا كەلگەندە، بۇ ياش كاپىتان قىز بالىدەك قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. كاپىتان گرانت ئۇنىڭ ئېسىل خىسلەتلىك يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قىزىنىڭ قولىنى ياش كاپىتاننىڭ كۈچلۈك ئالىقىنىغا قويۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى قۇتلۇقلىدى.

گىلېنارۋان ئايرتون توغرىسىدىكى ئىشلارنى گاررى گرانتقا سۆزلەپ بەردى. گرانت ئايرتوننىڭ گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى.

— ئۇ ناھايىتى چېچەن ھەم چەبدەس ئادەم، لېكىن ئۇ نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن يامان يولغا كىرىپ قالغان، توۋا قىلسىلا يېڭىۋاشتىن ئادەم بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى گرانت.

ئايرتوننى تابور ئارىلىغا ئاپىرىۋېتىشتىن ئاۋۋال گاررى گرانت بۇ ئارالدىكى يېڭى تونۇشقان دوستلىرى

بىلەن خوشلىشىشىنى ئۆتۈندى. ئۇ كۆپچىلىكنى ياغاچ ئۆينى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا، ئوكيانىيىدىكى روبىنسون داستىخىنىدا بىر قېتىم غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلدى. گىلىنارۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ئارالغا قەدەم قويۇپ، بىرنەچچە سائەتتىلا كاررى گرانتنىڭ زېمىنىنى ئايلىنىپ چىقتى.

كىچىك ئارالدا ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، مىنېراللار مول ئىدى، تېخى سۇ ئېقىپ تۇرغان بىر ئېرىقمۇ بار ئىدى.

— بۇ ئارال ھەقىقەتەن بىر جەننەت ئىكەن! — دېدى پاگانېل قىن-قىنىغا پاتماي سۆزلەپ.

كاپىتان گرانت ئۆزىنىڭ ۋەتەن، خەلق ئالدىدا قىلغان يېڭى چولڭ قۇرۇقلۇق تاپىمەن، دېگەن ۋەدىسىنى تېخىچە ئۇنتۇمىغانىدى.

— پەرۋەردىگار مېنى مۇشۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرسۇن دەپ سىزنىڭ قولىڭىز ئارقىلىق قۇتقۇزدى، — دېدى گرانت گىلىنارۋانغا.

— ياخشى، كاپىتان، كەلگۈسى بىزگە مەنسۇپ، سىز دېگەن ھېلىقى زېمىننى بىز بىرلىكتە ئىزدەيلى، — دېدى گىلىنارۋان ھاياجانلانغان ھالدا.

ئارقىدىن كاپىتان گرانت ئۆزىنىڭ مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بەردى.

1862 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى «برىتانىيە» ناملىق كېمە ئالتە كۈن داۋاملاشقان دەھشەتلىك بورانلىق يامغۇردا خادا تاشقا سوقۇلۇپ سۇغا چۆكۈپ كەتتى. بىچارە ماتروسلارنىڭ ھەممىسى سۇغا غەرق بولۇپ، ئىككى ماتروس بىلەن كاپىتانلا ھايات قالدى. ئۇلار پاناھلانغان ئارالنىڭ كەڭلىكى ئىككى مىل، ئۇزۇنلۇقى بەش مىل كېلىدىغان بولۇپ، ئارالدا 30 تۈپچە دەرەخ ۋە بىر بۇلاق بار ئىدى.

ئۇلار كېمىنىڭ قالدۇقلىرى، ئۇسكۈنە ـ جابدۇقلىرى، ئازراق ئوق ـ دورا ۋە قوراللارنى، يەنە بىر قاپ ئەتىۋارلىق ئۇرۇقلۇقنى يىغىشتۇرۇپ قىرغاققا چىقىۋالغانىدى. ئۇلار ساقلاپ قالغان ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بىلەن بۇ كىچىككىنە ئارالنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى ئېنىق ئۆلچەپ، بۇ يەرنىڭ دېڭىز قاتنىشى لىنىيىسىنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىنى بىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تىنىم تاپماي ئىشلەپ، بىرنەچچە مو يەرگە «برىتانىيە» دىن ئېلىپ كەلگەن ئۇرۇقنى تېرىدى. بىر ـ نەچچە ئۆچكىنى تۇتۇۋېلىپ باقتى. جىلغىدا ئۆسكەن زىرائەتلەرنىڭ دېنىنى يىغدى، «برىتانىيە» نىڭ پارچە ياغاچ تاختايلىرىدىن ئۆي ياسىدى.

— دېڭىز قىرغىقىدىكى ئېگىز خادا تاشنىڭ ئۈستىگە قانچە قېتىملاپ چىقىپ، يىراقلارغا قارىغىنىمنى بىلمەيمەن. بىرەر كېمە كېلىپ قالارمىكىن دەپ، چەكسىز دېڭىزغا تىكىلىپ قارايمەن. ئاخىر توغۇنۇن بۇ كىچىك ئارالدىكى ئەڭ ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ قارىۋىدىم، غەرب تەرەپتە يىراقتىن ئىس كۆرۈندى. ئارقىدىنلا كېمىنى كۆردۈم، ھەمراھلىرىم بىر تىك قىرغاقنىڭ لېۋىدە گۈلخان ياقتى. لېكىن كېمە ئارالغا كەلمىدى. قۇتۇلۇپ قېلىش پۇرسىتى كەلگەندە، ئۇنى قاراپ تۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋېتەمسىزمۇ؟ مەن دېڭىزغا سەكرىدىم - دە، ئاجايىپ بىر كۈچ بىلەن غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ كېمىگە يېتىشىۋېلىشىمغا ئوتتۇز سازىنچە ئارىلىق قالغاندا كېمە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ كېتىپ قالماقچى بولدى. شۇ چاغدا مەن ئۈمىدسىزلىنىپ ۋارقىرىۋەتتىم، — گرانت شۇنداق دەپ سۆزىنى توگەتتى.

كاپىتان بۇ قېتىمقى قۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ ھېلىقى ئىمىر - چىمىر يېزىلىپ قېلىپ تاشلىۋېتىلگەن خەتنىڭ سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا ئاندىن چۈشەندى. كېمە غەرق بولۇپ 8 - كۈنى ئۇ خەتنى بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئاغزىنى ھىم ئېتىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتكەندى. پاگانېل تاقەتسىزلىنىپ،

گرانتتىن خەتكە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى سورىدى. توققۇز ئايدىن بېرى كۆپچىلىكنى غەشلىككە سالغان سىر ئاخىر يېشىلدى.

ئۈچ خىل يېزىق بىلەن يېزىلغان خەتنىڭ فرانسۇزچىسىدىلا تابور ئارىلى ئېنىق يېزىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئېلىۋالغىنى ئىنگلىز يېزىقىدىكى خەرىتىلەر بولۇپ، بۇ ئارال مارىيە- تېرېزا ئارىلى دەپ ئاتىلىپ مۇشۇنداق ئوقۇشماسلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئىكەن.

تاماقتىن كېيىن، گاررى گرانت ئۆينى پاك- پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ ھېلىقى گۇناھكار ئۆزىدەك بىر ساپ دىل ئادەم ياراتقان بايلىقلارغا ئىگىدارچىلىق قىلسۇن دەپ ھېچنېمىنى ئالمىدى.

كۆپچىلىك يەنە كايوتىغا قايتىپ كېرىشتى. كىلېنارۋان شۇ كۈنىلا يولغا چىقىشنى ئويلىغۇدى، ئايرتوننى كېمىنىڭ ئارقا تەرىپىگە باشلاپ كەلدى. گاررى گرانت ئۇنى كۆرۈپ قىلچە ئەجەبلەنمىدى.

— سەن ھەرقانداق يەردىن ناھايىتى يىراق بىر ئارالدا قالىسەن، — دېدى كاپىتان گرانت ئايىرتونغا، — شېرىكلىرىڭ بىلەن ئالاقىلىشىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، سەن بۇ يەردە يېگانە تۇرىسەن، پەقەت پەرۋەردىگارلا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، پەرۋەردىگار كىشىلەرنىڭ

كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇردۇ. سىنى ئىزدىسەك مۇشۇ يەردىن تاپقىلى بولىدۇ. مەن سىنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقارمايمەن، — دېدى.

ئايرتون قېيىققا چىقتى.

جون مانگلىس بىرنەچچە يەشىك يېمەكلىك، كولباسا، ئۈسكۈنە ـ سايمانلار، قورال ۋە راسلاپ قويۇلغان ئوق ـ دورىلارنى خرىستىئانلارنىڭ بىر پارچە «ئىنجىل» كىتابى بىلەن قوشۇپ ئارالغا ئاپارغۇزۇپ بەردى. قېيىق قىرغاققا يېقىنلاشقاندا، ئايرتون تىك تۇرۇپ قالپىقىنى قولىغا ئېلىپ، تەنتەنىلىك بىر سالام بەردى.

گىلېنارۋانمۇ قالپىقىنى قولىغا ئالدى. قېيىق جىم ـ جىملا ئۈزۈپ كەتتى.

ئايرتون قىرغاققا چىقىۋالغاندىن كېيىن، قېيىق كېمە يېنىغا قايتىپ كەلدى. بۇ دەل چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت بولغان چاغ ئىدى.

— جاناب، كېمىنى ھەيدىمدۇق؟ — سورىدى جون مانگلىس.

— شۇنداق، جون، — گىلېنارۋان شۇ ھامان جاۋاب قايتۇردى.

كېمە گۈدۈكى چېلىندى، كەچ سائەت سەككىز بولغانىدى، غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان تابور ئارىلىدىكى

بىرنەچچە چوققىنىمۇ تۇن قاراڭغۇسى يۇتۇپ كەتتى.

«دونكان» ناملىق كېمە ھېلىقى ئارالدىن ئايرىلىپ 11 كۈن بولغاندا، يەنى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇلار ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ دېڭىز قىرغىقىنى دۇربۇن بىلەن كۆرەلىدى. ئەتىسى، كېمە تالكاگۇئانو قولتۇقىدا توختىدى. كېمە بەش ئاي سەپەر قىلىپ، بۇ يەرگە يەنە قايتىپ كەلدى. بۇ بەش ئاي جەريانىدا 37 ـ پاراللېلنى بويلاپ پۈتۈن يەر شارىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇلار چىلى، پامپاس يايلىقى، ئارگېنتىنا جۇمھۇرىيىتى، ئاتلانتىك ئوكيان، تىرىستاندا كونىيە ئاراللىرى، ھىندى ئوكيان، ئامستېردام ئاراللىرى، ئاۋستراليە، يېڭى زېلاندىيە، تابور ئارىلى ۋە تىنچ ئوكياننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، «برىتانىيە» دە ھالاكەتكە ئۇچرىغانلارنى قايتۇرۇپ كەلدى، شۇنداقلا كېمىدىكىلەرمۇ تولۇق قايتىپ كەلدى.

«دونكان» غا يېقىلغۇ تەييارلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار ھورىن تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاتلانتىك ئوكيانغا چىقتى.

شۇ چاغقا قەدەر ماك نابىسنى دېلىغۇل قىلىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر سىر بار ئىدى. پاگانېل نېمىشقا ھېلىھەم كېيىمىنىڭ تۈگمىلىرىنى ھەم ئېتىۋېلىپ يۈرىدىغاندۇ؟

ئاخىر، 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگە كەلگەندە جون مانگلىس كىلىر تۆمشۇقىدىكى چىراغلارنى كۆردى. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «دونكان» كىلايد قولتۇقىغا كىرىپ، سائەت 11 دە دومبارتوندا توختىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە، كېمىدىكىلەر تاغلىقلارنىڭ «ئۇررا» سادالىرى ئىچىدە مالكولىم قەلئەسىگە كىرىپ كەلدى.

جون مانگلىس قەدىمىي ئەۋلىيا مونگو چېركاۋىدا مېرى گرانتنى ئەمرىگە ئالدى.

پاگانېل ھەرگىزمۇ بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتمىدى. ئۇ مايورنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى بىلەن ياخشى كۆرۈشۈپ قالغانىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، مالكولىم قەلئەسىنىڭ چېركاۋىدا تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

جۇغراپىيە ئالىمىنىڭ سىرىنى مايور كۈتۈلمىگەندە گىلېنارۋانغا ئاشكارىلاپ قويىدى.

ئەسلىدە، پاگانېل مائورىلارنىڭ قولىدا ئۈچ كۈن ئەسىرلىكتە تۇرغاندا، بەدىنىگە پۇتىدىن تا يەلكىسىگىچە گۈل چېكىلگەنىدى.

كاپىتان گرانتنىڭ شوتلاندىيىگە قايتىپ كېلىشى پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك زور ئىش بولدى. گاررى گرانت قەدىمىي كالىدونىيە بويىچە مەشھۇر شەخس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئوغلى روبېرت دادىسىغا ۋە كاپىتان جون مانگلىسقا ئوخشاش دېڭىزچى بولدى. ئۇ گىلېنارۋاننىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن بوران ـ چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قەيسەر ئەزىمەت بولۇپ يېتىشتى.



# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» — ۋېرننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسەرلىرى بولغان «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى»، «دېڭىز ئاستىدىكى يىگىرمە مىڭ مىللىق سەپەر» ۋە «سىرلىق ئارال» دىن ئىبارەت ترىلوگىيىسىنىڭ بىرىنچىسى. بۇ رومان سىر گىلېنارۋاننىڭ 37° كەڭلىكنىڭ مەلۇم جايىدا تالاپەتكە يولۇققان كاپىتان گرانتنى تېپىش يولىدا قىلغان بىر قېتىملىق يەر شارىنى ئايلىنىپ چىقىش سەپىرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ 1867 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. جەمئىي ئۈچ توم بولۇپ، ۋېرننىڭ تۇنجى كۆپ قىسىملىق رومانى.

«كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» نىڭ باش قىسمى ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن باشلانغان، ئەسەردە گەرچە پاراخوتتا جەنۇبىي يېرىم شارنى ئايلىنىپ يوقاپ كەتكەن كاپىتان گرانتنى ئىزدەش جەريانى ھېكايە قىلىنسىمۇ، لېكىن بۇ ھېكايىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا شوتلاندىيىنىڭ دېڭىز يۈزىدە تېپىۋېلىنغان بىر بوتۇلكا سەۋەب بولغان، شوتلاندىيىلىك چوڭ باي سىر گىلېنارۋان ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك ساياھەت كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ساياھەتكە چىققاندا، كېمىدىكى

بىر ماتروس بىر ئاكۇلانى تۇتۇۋالىدۇ. ئاكۇلانىڭ قورسىقىدا بىر شامپان ھارىقىنىڭ بوتۇلكىسى بايقىلىپ، بوتۇلكىنىڭ ئىچىدىن ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس تىلىدا يېزىلغان بىر قۇتقۇزۇۋېلىش خېتى چىقىدۇ. خەت جۈملىلىرىنى باغلاشتۇرۇپ ئوقۇغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بەكلا كونىراپ، يىرتىلىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەتلا ئۈچ خىل گەپلەرنىڭ مەنىسىدىن بىر كىمىنىڭ 37° كەڭلىكتە ھالاكەتكە ئۇچرىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكۇلانىڭ قورسىقى — بوتۇلكا — خەت 370° كەڭلىكتىن ئىبارەت بىر سەپەر پىلانىنىڭ لايىھىلىنىپ چىقىشى ئارقىسىدا، گىلىنار-ۋان بىلەن ئۇنىڭ يېڭىدىن توي قىلغان ئايالى ئېلېن، كاپىتان گرانتنىڭ ئوغلى روبېرت، قىزى مېرى، كاپىتان جون مانگلىس ۋە باشقا ماتروسلاردىن تەشكىللەنگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئەترىتى جەنۇبىي ئامېرىكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇلار سەپەر داۋامىدا ئۇدۇل كەلگەن يېڭى دۇنيا — يېڭى زېلاندىيە ۋە ئاۋستىرالىيىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تۆرلۈك ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇ-قىغا بېرىپ، ئاندىس تېغىدىكى ۋۇلقانىنىڭ پارتلىشىنى كۆرىدۇ.

قۇرۇق قول ئاچ بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىدۇ، ئاندىن يەنە تىنچ ئوكيانىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، يېڭى زېلاندىيىگە ھەمدە ئەتراپتىكى ئاراللارغا بارىدۇ، ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقىپ، ئەسىرگە چۈشۈپ قېچىپ چىقىدۇ. ئۇلار كۆپ قېتىم خېيىمخەتەرگە يولۇقۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتنى يېڭىپ، يامانلىقنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئاخىر كاپىتان گرانتنى تاپىدۇ.

بۇ روماندا، كاپىتان گرانتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى داۋامىدا، يەنە بېسىپ ئۆتكەن نۇرغۇن دۆلەت ۋە جايلاردىكى خىلمۇخىل ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، جۇغراپىيىلىك يەر شەكلى، تەبىئىي ئاپەتلەر، تەبىئەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ھەمدە تەبىئىي شارائىت ۋە ئورپ ـ ئادەتلەر ئاجايىپ ئېسىل تەسۋىرلەنگەن. مۇشۇنداق تەسۋىرلەش ئىچىدە مول مەزمۇنلۇق گېئولوگىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك ماتېرىياللارمۇ بار بولۇپ، «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» ناملىق بۇ روماننى جۇغراپىيىلىك رومان، ۋەھىمىلىك رومان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ رومان ۋېرننىڭ ئىلگىرىكى بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىلەن پەقەتلا ئوخشاشمايدۇ. ۋېرننىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئىلمىي فانتازىيە تۇسىغا ئىگە رومانلار دەپ قارىلاتتى، لېكىن ۋېرننىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرى ئىچىدە، ئىنسانلار

بارغىلى بولمىغانلىقى جايلار ئۇ ئىزدىنىمىغان يەرگە ئايلانغان.

جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئېكسپېدىتسىيە ۋە رېئال دۇنيادىكى تەۋەككۇلچىلىك ئۇنىڭ رومانىنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان. «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» دېگەن بۇ رومان ئۇنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنى ئىزچىل تۇردە جەلىپ قىلىپ كېلىۋاتقان جاي ــ جەنۇبىي قۇتۇپ ئۇستىدە قىدىرىش ئېلىپ بېرىلغان.

ۋەھالەنكى، «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» پەقەت بىر جۇغراپىيىلىك رومان، ئېكسپېدىتسىيە رومانى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە بىر ئىجتىمائىي رومان بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. گىلېنارۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىزدەپ تاپماقچى بولغان ئادەم پەقەت بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بىر كاپىتان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمىگەن شوتلاندىيىلىك ئىسيانكار بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ شوتلاندىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا قارشى چىققان. «ئۇمۇ گىلېنارۋان تېپىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش، شۇنداقلا تېخى شوتلاندىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر يەردىكى بىرقانچە ئېسىلزادىلەر جەمەتىگە ئوخشاش شىمالنى بوزەك قىلغان ئەنگلىيە

بىلەن باشتىن ئاخىرغىچە قارشىلىشىپ كەلگەن. ئۇ-نىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ يۇرتى شوتلاندىيىنىڭ مەنپەئەتى ھەرگىزمۇ ئانگلو ـ ساكسونلارنىڭ مەنپەئەتى ئەمەس، شۇڭا ئۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ شوتلاندىيىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، ئاۋستىرالىيە ئەتراپلىرىدا بىرەر قۇرۇقلۇقنى تېپىپ، شوتلاندىيىلىكنى زور تۈركۈمدە كۆچۈرۈپ كېلىش نىيىتىدە بولغان.»

«شۇڭلاشقا، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭ بۇنداق ئاھالىنى كۆچۈرۈش پىلانىنى قوللىمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ھۆكۈمەت قوللىمايلا قالماي، ھەتتا ئۇنىڭغا تۈرلۈك توسالغۇلارنى كەلتۈرگەن. بۇنداق توسالغۇلار ئەگەر باشقا دۆلەتتە بولسا، بەلكىم پىلانلىغۇچى ھايا-تىنىمۇ ساقلاپ قالالمىغان بولاتتى.» لېكىن، گرانت بۇنىڭلىق بىلەن روھىنى چۈشۈرمىگەن. گرانت ئەجدادلىرىدىن شوتلاندىيىلىك خىيالىي سوتسىيالىست روبېرت ئوۋېنغا ئوخشاش جەنۇبىي تىنچ ئوكيانىدىكى بىرەر ئارالدا ئەركىن شوتلاندىيە كۆچمەنلەر رايونى قۇرۇش كويىدا بولغان. «ئۇ يۇرتداشلىرىنى ۋەتەنپەرۋەر-لىك روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا چاقىردى. ئۇ بارلىق بىساتىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كېمە ياسىتىپ، ماھىر ماتروسلارنى تەشكىللەپ، بالىلىرىنى

ياشانغان ھاممىسىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى تىنچ ئوك-ياندىكى ئاراللارنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ئۈچۈن كەتكەنىدى.» مۇشۇنداق غايە ۋە ئىش - ھەرىكەت ئەلۋەتتە ئاپتور ۋېرننىڭ غايىسى ئىدى. لېكىن، ئۇۋىن چەت ئەلدە سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇپ چىققان دەسلەپكى بىر كۆچمەنلەر رايونىدا بەختكە قارشى مەغلۇپ بولدى. كاپىتان گرانتمۇ دېڭىزدا تالاپەتكە ئۇچراپ، ئىز - دېرەكسىز يوقالدى، شۇڭا، بۇنداق ئىنتىلىش، بۇ خىل غايىۋى دۆلەت قۇرۇش ھەرىكىتى پەقەت ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان، رېئال تۇرمۇشتا بولسا، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىزدەپ تاپقىلى ياكى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئىشتۇر.

بۇ روماندا، باش پېرسوناژنىڭ كاپىتان گرانتنى ئىزدەپ تېپىش جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ باشقا مىللەتلەرنى بوزەك قىلىش ۋە قۇل قىلمىشلىرى قاتتىق قامچىلانغان. فرانسىيىنىڭ نەشرىيات ئىشلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈشى ۋە نەشر سودىگەرلىرىنىڭ ئېھتىياتچانلىقى سەۋەبىدىن بۇ روماندا ئاپتور پەقەت ئەنگلىيىنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، مۇستەملىكىچىلىككە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى: «برىتانىيىنىڭ سىياستى يەرلىك قەبىلىلەرنى يوقىتىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى ئۇلار ئەسىرلەردىن بۇيان ئولتۇراقلاشقان

جاي ـ ماكانىدىن قوغلاپ چىقىرىش...» دەپ ئىپادىلى‌ـ
گەن. ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بۇنداق مۇستەملىكە قىلغان
جايلاردا باشقا ئىرقتىكىلەرنى يوقىتىش سىياسىتى
ئاۋستىرالىيىدە تېخىمۇ ئېغىر. ئەنگلىيە ئۆز يېرىدىكى
كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان جىنايەت‌ـ
چىلەرنى خۇددى تارىختىكى ئەھلى سەلىپنىڭ شەرققە
يۈرۈش قىلىشىدەك ئاۋستىرالىيىگە پالىغان. ئۇلار
مۇستەملىكە دائىرىلىرىنىڭ يول قويۇشى بىلەن،
«خۇددى ھايۋانلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك يەرلىك ئاھالى‌ـ
لەرنى قورال بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى». جامبىس
ئىسىملىك بىر قانۇنشۇناس ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا:
«يەرلىكلەرنى ئۆلتۈرسە جىنايەت ھېسابلانمايدۇ» دېگەن.
سىدنىيدا چىقىدىغان بىر گېزىتتە: «كەسكىن چارە
قوللىنىپ، تاۋپۇ كۆلى رايونىدىكى يەرلىكلەرنى قوغلاپ
چىقىرىش كېرەك» دەپ داۋراڭ سېلىنغان. بۇنداق
دېگەنلىك — ئەمەلىيەتتە كوللېكتىپ قاتىللىق
قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىق.

بۇ روماندا يەنە كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرى‌ـ
دىغان بىر قاتار ئوبرازلار يارىتىلغان، جۈملىدىن پارا‌ـ
سەتلىك ۋە تەدبىرلىك كاپىتان گرانت، بىپەرۋا ئالىم
پاگانىل، ئەقىللىق، باتۇر ئۆسمۈر روبېرت ئوقۇرمەنلەردە
چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. بىز ئاۋۋال كاپىتان گرانتقا
قاراپ باقايلى. كاپىتان گرانت بۇ ئەسەردىكى ئىزدەپ

تاپماقچى بولۇۋاتقان بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچى، لېكىن بۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچى ھەقىقەتەنمۇ پەم ـ پاراسەتلىك ھەم تەدبىرلىك ئادەم. كاپىتان گرانت كېمە ھالاكەتكە ئۇچراپ، كېيىندىكى كىشىلەر بەختسىزلىككە ئۇچرىغان چاغدا ئۆگىنەلەپ تابور ئارىلىغا چىقىۋالغان. كەڭلىكى ئىككى مىل، ئۇزۇنلۇقى بەش مىل كېلىدىغان بۇ ئارالدا 30 تۈپچە دەرەخ، يەنە بىرنەچچە يەردە ئازراق ئوتلاق ۋە بىر بۇلاق بار بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ئادەم يوق، چۆلدەرەپ قالغان ئارال ئىدى. ئۇ ئۈچ خىل تىلدا يېزىلغان ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش توغرىسىدىكى ئۈچ پارچە خەتنى دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن بىر بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئېقىتىۋېتىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. دەل مۇشۇ كونىراپ ئوقۇغىلى بولمىغۇدەك بولۇپ قالغان خەت بىلەن ئۇ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ پاراسەتلىكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ: «مېنىڭ ھېكايەم يېگانە قاقاس ئارالغا تاشلىۋېتىلگەن ئاشۇ روبىنسوندەك كىشىلەرنىڭ ھېكايىسىگە ئوخشايدۇ.... ئۇلار ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا ئۆزىنى تونۇش ئېڭى بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلگەن» دېگەن. ۋەھالەنكى، بۇ سۆزنى ئىلگىرى دارۋىن قىلغان. مانا بۇمۇ ئاپتور ۋېرننىڭ ئەينى چاغدا ئېقىمۋاتقان، ئەڭ ئادەتتىكى ھايات كەچۈرۈش شارائىتى ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇ-

روۋاتقان جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ، دەيدىغان نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، ئادەمنى ھەممىدىن تەسىرلەندۇرىدىغىنى، ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ غايىسىدىن زادىلا ۋاز كەچمىگەن. «مەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمىدىم، سىر، تەڭرىم سىنىڭ قولۇڭ بىلەن مېنى قۇتقۇزۇپ چىقىشتا مېنىڭ مۇشۇ ئىشلارنى ئورۇندىشىمنى مەقسەت قىلغان. بىزنىڭ قەدىمىي كىرىتونىيىدىكى بىچارە قېرىنداشلىرىمىز، بارلىق جاپاكەش كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى يېڭى بىر ماكانغا ئېرىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىشى كېرەك. بىزنىڭ سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتىكى دېڭىزدا پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان بىر كۆچمەنلەر رايونىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ياۋروپادا ئېرىشەلمىگەن مۇستەقىللىق ۋە بەختكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك!» مانا مۇشۇنداق قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە، كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق روھىغا ئىگە شەخس دەل ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدىغان شەخسنىڭ ئوبرازى، شۇڭا، ئۇنىڭ كېيىن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن دراما ئەسىرى سەھنىدە ئوينالغاندىن كېيىن، فرانسىيىدە كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان رىۋايەتكە ئايلانغان.

ئەگەر كاپىتان گرانت ئەقىل-پاراسەتلىك

ئادەملەرنىڭ ۋەكىلى دەپ قارالسا، ئۇنداقتا، ئەسەردىكى يەنە بىر شەخس پاگانىل بىپەرۋا كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. پاگانىل دېگەن ئىسىم بىر تارىخشۇناسنىڭ ئىسمىدىن پايدىلىنىپ قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، پۈتكۈل ئەسەردە ئۇ كىشىلەرگە ھەمىشە ئەركىن ـ ئازادىلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. ئۇ بارلىقىنى ئىلىم ـ پەننى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشكە بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ دانا ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى ئۇ ھېس قىلغان رېئاللىقنى نېرى ـ بېرى قىلىدۇ. لېكىن ئۇ تەجرىبە ئىشلەشكە بارلىقى بىلەن كىرىشىپ كېتىپ، كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولغان كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرگە ئېتىبارسىز قارايدۇ. مانا بۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە بىپەرۋارلىق قىلىپ خاتالىق سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇ ھاماقەتلەرچە «شوتلاندىيە» ناملىق كېمىگە چىقىتىم دەپ، ئەمەلىيەتتە «دونكان» ناملىق كېمىگە چىقىپ قالىدۇ. ھىندىستانغا بېرىپ ساياھەتنى داۋاملاشتۇرىمەن دەپ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئامېرىكا قىتئەسىگە بارىدىغان تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ، ئۇ پورتۇگالىيەنىڭ بىر كىتابىغا قاراپ ئىسپان تىلىنى ئۆگىنىۋاتقان بولىسىمۇ، ئەمما ئۇ سۆزلىگەن ئىسپان تىلىنى ھېچكىم ئاڭلاپ ئۇقالمايدۇ. ئۇ ئاۋستىرالىيىنى يېڭى زېلاندىيە دەپ يېزىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئەسلىدە

مارىيە ـ تېرېزا ئارىلىنىڭ تابور ئارىلى ئىكەنلىكىنى بىلىسمۇ، لېكىن قاراپ تۇرۇپ ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ.

ئۇ ھەرقانداق ئىشقا پەرۋاسىز قارىغانلىقتىن، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. ئۇ ھەر ۋاقىت خۇشخۇي بولۇپ، ئەڭ يامان ئاپەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىلمىي نۇقتىدىن كۆزىتىدۇ. ئىككى بالا بىرلا ۋاقىتتا دادىسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋا- زىنى ئاڭلىغاندا، پەقەت پاگانىللا بۇنى بالىلاردا پەيدا بولغان خىيالىي تۇيغۇ دەپ قارىمايدۇ. ئۇ ئاشكارا ھالدا: «بىر ئادەم راھەتكە قانچە بېرىلمىسە، ئۇنىڭ ئېھتىياج بولىدىغىنى شۇنچە ئاز بولىدۇ؛ ئېھتىياج بولىدىغىنى قانچە ئاز بولسا، شۇنچە كۆپ بەختكە ئېرىشەلەيدۇ» دەيدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ بەلكىم ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىراتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ پېرسوناژ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان، ئۆزگەرتىلگەن دراما سەھنىدە ئوينالغاندىن كېيىن، فرانسىيىدە خەلق ئىچىدە تارقالغان رىۋايەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىنكى 50 يىلدىن كۆپرەك ۋا- قىت ئىچىدە ئۇ بىپەرۋا ئالىملارنىڭ تىپىك ۋەكىلى، دەپ قارىلىپ كەلگەن.

بۇ قېتىمقى يەر شارىنى ئايلىنىپ چىقىشتەك خەتەرلىك ساياھەتتىكى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق

قەھرىمان. — كاپىتان گرانتنىڭ ئوغلى روبېرت گرانت. بۇ قېتىمقى ساياھەت تۈرلۈك قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتتى. بۇ سىناقلار روبېرتنى چىنىقتۇرۇپ، قەيسەر بىر ئادەم قىلىپ يېتىشتۈردى. «دونكان» ناملىق كېمە گىلازگو پورتىدىن ئايرىلغاندا، ئۇ تېخى بىر بالا ئىدى. ئۇ گىلېنارۋان، پاگانېل ۋە مايور ماك نابىسلار بىلەن بىللە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن چاغلاردىلا ئۇ ھەقىقىي يېتىلىشكە باشلىغان. ئۇنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتى كىشىنى قايىل قىلارلىق بولۇپ، ھەتتا سىر گىلېنارۋانمۇ روبېرتنى ئۇ ئۆز دېمەتلىكلىرىدىن بۇرۇنلا چوڭ بىر يىگىتكە ئايلاندى، دېگەن. ھەقىقەتەن بۇ يىگىت كۆپ قېتىم ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان، ئەقەللىيسى، ئۇلارنى مائورىلار تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان ئىشنى ئېلىپ ئېيتايلى، شۇ چاغدىمۇ روبېرت قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ چىقىپ، ئەتراپنى ياخشى كۆزەتكەندىن كېيىن، باشقىلارنى سولاپ قويغان كەپىگە كىرىدىغان كامار قېزىپ، ئۇلارنى ئوڭۇشلۇق قۇتۇلدۇرۇپ چىققان، مانا بۇ ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە باتۇرلۇقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇلۇشى بىلەن بىرگە، باشقا پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئېلىپ خانىمنىڭ

ئوبرازى بۇنىڭ بىر مىسالى، توي قىلغىنىغا ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولغان بۇ خانىم مېرى بىلەن روبېرتنى بېقىۋېلىپ، يولدىشىنى كاپىتان گرانتنى ئىزدەپ تېپىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك ئىدى.

ئاپتور بۇ روماننى بەلكىم سىر جون فرانكلىننى ئىزدەپ تېپىش ئىشىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا يازغان بولۇشى مۇمكىن. سىر جون فرانكلىن 1845 ـ يىلى غەربىي شىمالغا بارىدىغان بىر سۇ يولىنى ئىزدەپ «ئېربوس» ۋە «تېررو» ناملىق كېمە بىلەن سەپەرگە چىقىپ، كېيىن غايىب بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى پۈتكۈل دۇنيانىڭ دىققەت نەزىرى كانادانىڭ شىمالىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئىزىمۇ تەگمىگەن بىر چۆللۈككە مەركەزلەشتى، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئەترىتى ئارقا ـ ئارقىدىن سەپەرگە ئاتلىنىپ فرانكلىننى ئىزدەپ، ئاخىر 1855 ـ يىلى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى هايات قالغان ھەمراھلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى تاپىدۇ، ۋېرن بەلكىم بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھېكايە ئۇنى ئۆزگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالغان. ۋېرن ئۆزىمۇ كرېسلودا ئولتۇرۇپ قۇرۇق خىيال قىلىدىغان مۇتەخەسسىس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ «لېنكولىن» ناملىق

كىمىگە ئوخشاش ساياھەت كىمىسىگە ئولتۇرۇپ سايا-ھەت قىلىش ئارزۇسى بار ئىدى. ئەسەردە ۋېرن «ئالتۇن ئىزدەش قىزغىنلىقى» قۇللۇق تۈزۈم ۋە يەرلىك ئاھالىلەرنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈشتەك قىلمىشلارنى پاگانېلنىڭ ئاغزىدىن قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئۇ شوتلاندى-يىلىكلەرگە بولغان ھېسداشلىقى ۋە ئەنگلىيىلىكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى (گەرچە ئۇلارنىڭ قەيسەرلىكىنى مەدھىيىلىسىمۇ)، بولۇپمۇ ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭ مۇس-تەملىكىلىرىدىكى خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن زوراۋانلىقىغا بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن مۇشۇ جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، پاگانېلنى ۋېرننىڭ سىماسى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى قورقۇنچلۇق ھەم ئەگرى-توقاي، مول مەزمۇنلۇق بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. تولستوي ۋېرننىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى، ئۇ ۋېرننىڭ ئەسەرلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. ئۇ چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا: «ۋېرننىڭ ئەسەرلىرى قالتىس ئىسىل، مەن ئۇنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا قورامىغا يەتكەن ئادەم بولسامىمۇ، ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكلىرى ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ ۋە قاتتىق جەلپ قىلىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۇنى قالتىس ماھىر ئۇستاز دېيىشكە بولىدۇ» دېگەن. ۋېرننىڭ مۇۋەپپەقىيەت

قازىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر سىر شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆز قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە كۆرەلىگەن نەرسىنى مىڭلىغان - ئۇنمىڭلىغان ئوقۇرمەنلەرگە كۆرسىتىپ بېرەلىگەن. ئوقۇرمەنلەر بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىدىغان بىر خىل ئالاھىدە كەيپىياتنى يارىتىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەپەككۇرىنى ئۆزى تەسۋىرلىگەن مۇھىتقا ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارنى ئاشۇ مۇھىتنىڭ پۈتكۈل قىياپىتىنى كۆزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردا خۇددى ئاشۇ ئىشلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەندەك كۈچلۈك تەسىر قالدۇرىدۇ. ئەسەردە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئەترىتى پاتاگونىيە، ئاندىس تاغ تىزمىلىرى ۋە چىلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يېڭى زېلاندىيە ۋە ئاۋستىرالىيىگە يېتىپ بارغۇچە كۆرمىگىلىغان جاپالار ۋە خېيىمخەتەرلەرنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. مۇشۇنداق جەبىر - جاپا ۋە خېيىمخەتەرلەر ئىچىدە ھەممىدىن يامىنى ئەلۋەتتە ھېلىقى يەر تەۋرەش بولۇپ، ئوقۇرمەنلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ئەسەردە يەر تەۋرەشنىڭ پۈتكۈل جەريانى ئىنتايىن جانلىق ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ۋېرن نەشىر سودىگىرىگە ئۇ تەسۋىرلىگەن ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقەتەن راستلىقىنى، ئازراقمۇ ساختىلىق يوقلۇقىنى ئېيتقان.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

ژيۇل ۋېرن «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» نى يازغان مەزگىل دەل فرانسىيە ۋە پۈتكۈل دۇنيا زور ئۆزگىرىش، زور داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىل بولۇپ، فرانسىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ كۈنسېرى زورىيىشى، ئەركىنلىك ھەرىكىتىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى ھەمدە مەغلۇپ بولغاندىكى خورلۇق، ناپولېئون فېئوداللىق خاندانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشى، پارىژ كوممۇنىسى ئىنقىلابى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلۈك ۋەقەلەرنى باشتىن ئۆتكۈزدى. فرانسىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپ، ھۆكۈمەت قايتا ـ قايتا ئالمىشىپ، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە دىنىي جەمئىيەتلەر چىرىكلىشىپ كەتتى. دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، فرانسىيە ئىقتىسادىنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمى ئىنتايىن تەسلىشىپ كەتتى، سانائەتلىشىش سۈرئىتى ئاستىلىدى. پۈتكۈل جەمئىيەت مۇتەئەسسىپلىشىپ، قالاقلاشتى. فرانسىيە دۇنيا بويىچە چوڭ دۆلەت

بولۇشتەك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىرتقا قا-
رىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ھەمدە ياۋروپادا خوجىلىق
تالىشىش كۈرىشىنى پائال تۈردە ئېلىپ باردى، ناپولې-
ئون دەۋرىدىن باشلانغان فرانسىيە شوۋىنىزمى زادىلا
تۈگىمىدى. فرانسىيە ياۋروپاغا خوجا بولۇش خىيالىدىن
زادىلا ۋاز كەچمىدى. پرۇسسىيە ــ فرانسىيە ئۇرۇشىدىن
كېيىن، فرانسىيە گەرچە پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ
قېلىپ ئىتتىپاقداش ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ-
نىڭ ئىتتىپاقداش ئىزدەشتىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ
نوقۇل ھالدىكى مۇداپىئەلىنىش بولماستىن، بەلكى
كەلگۈسىدىكى ياۋروپا ئۇرۇشىدا غەلىبىنى قولغا كەل-
تۈرۈش ئىدى. فرانسىيىنىڭ مۇشۇنداق تاشقى سىيا-
سىتى ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتىنى يامانلاشتۇرۇپ، بىرىنچى
دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان
ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى.

دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، پەن ــ تېخنىكىنىڭ
تەرەققىي قىلىشى، بولۇپمۇ ماشىنىسازلىق، جۈملىدىن
پار ماشىنىسى ۋە ئېلېكترون ماشىنىنىڭ بارلىققا
كېلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى قۇرۇقلۇق ۋە سۇ يۈزى
قاتنىشىنى راۋانلاشتۇرۇۋەتتى، ئەينى چاغدا ئۇچقۇر
ئايروپىلان تېخى سىناق باسقۇچىدا ئىدى.

جاھانگىرلىكنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا ئاللىقاچان
قەدەم قويغان غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۆزىگە خاس

بولغان ۋەھشىيلىكى ۋە ياۋۇزلۇقىنى تېخىمۇ ئاشكارىلاشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زور كۈچ بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، چەت ئەللەردىكى مۇستەملىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مۇستەملىكىلەرنىڭ بايلىقىنى بۇلاپ، مىللىي قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇپ، ئىرقىي يوقىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭغا ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىلا تىپىك مىسال بولالايدۇ. ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك قىلىش جەريانى ئىنتايىن قەبىھ، 1600 ـ يىلى شەرقىي ھىندىستان شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھىندىستاننى ئاستا ـ ئاستا بويسۇندۇرۇش جەريانىدا، بولۇپمۇ 1857 ـ يىلى ھىندىستان خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، 5 مىليون ھىندىستانلىقنى ئۆلتۈردى. 1795 ـ يىلى، ئەنگلىيە ئىسپانىيىدىن جەنۇبىي ئافرىقىنى تارتىۋالدى. ئەينى چاغدا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كېيپتائۇن رايونىدا مىليوندىن ئارتۇق گوستىلىقلار بار ئىدى. ۋەھالەنكى، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، قالغان گوستىلىقلار ئون مىڭغىمۇ يەتمەيدۇ، بەزى قەبىلىلەر ھەتتا يەر شارىدىن تامامەن يوقاپ كەتكەن، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى مۇشۇنداق ئوچۇق ـ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدىكى ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ يەرلىكلەرنى يوقاتقاندىن سىرت، ئاۋستىرالىيىدىكى يەرلىكلەرنى ھاراق، تاماكىغا ئۆگىتىش ئارقىلىق پۈتكۈل

قىبىلىلەرنى كەينىگە چېكىندۈرۈۋەتتى. ئەنگلىيە يەنە توپچى پاراخوتلار ئارقىلىق جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان تونىنا ئەپيۇننى جۇڭگوغا ئېلىپ كىرىپ سېتىپ، «جۇڭگو خەلقىنى شەرقىي ئاسىيا كېسەل كۆرپىلىرى» گە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولدى.

فرانسىيىلىكلەرنىڭ چەت ئەللەردە مۇستەملىكىلەرنى تالىشىشتىكى ھەققانىي بولمىغان ھەرىكىتىمۇ ئەنگلىيىلىكلەردىن قېلىشمايدۇ. 1830 ـ يىلى، فرانسىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيىسى ئالجىرىيىنى ئىگىلىۋېلىش ۋاقتىدا، مىڭلىغان ئادەمنى، جۈملىدىن قېرىلار، ئاياللار، بالىلارنى بىراقلا تىرىك كۆمۈۋەتكەن، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرغانلارنى تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە سولاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 1867 ـ يىلى، ۋېيتنامنىڭ كوچىندىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشتا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان.

شۇڭا، مۇشۇنداق بىر دەۋردە «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» نىڭ يېزىلىشى 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىدىكى بەلگىلىك تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئەينى چاغدىكى زور ئىجتىمائىي مەسىلە —

مۇستەملىكىچىلىك ۋە مىللىي ئازادلىق، 19 ـ ئەسىر-دىكى ئېچىلمىغان دۇنيا — جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئاۋستىرالىيە ئۇستىدە ئىزدىنىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ھەمدە ۋېرننىڭ سىياسىي غايىسى، يەنى ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك، يەنە شۇنداقلا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكا ۋە دېڭىز ـ ئوكيان قاتارلىقلارنى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرگەن.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

**سىر ئېدۋارد گىلېنارۋان:** مالكولىم ـ كېستىل قورۇقىنىڭ خوجايىنى، شوتلاندىيىلىك ئاقسۆڭەك. ئۇ ياش، دۆلەتمەن، خۇشخۇي، كىشىلەرگە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزىدىغان ئادەم بولۇپ، دەل ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن كاپىتان گرانت ئائىلىسىدىكىلەر جەم بولالىغان.

**ئېلېن:** سىر گىلېنارۋاننىڭ يېڭىدىن توي قىلغان ئايالى، مەشھۇر سەيياھ. تۇففىنېلىنىڭ قىزى، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، ھېسداشلىقى كۈچلۈك ۋە قەيسەر ئىرادىلىك ئايال.

**مايور ماك نابىنېس:** سىر گىلېنارۋاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى، «دونكان» ناملىق پاراخوتتىكى

ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى. ئېغىر - بېسىق، ئەستايىدىل، كۆزىتىش پىكىر قىلىشقا ماھىر ئادەم.

**كاپىتان گاررى گرانت:** «برىتانىيە» ناملىق كېمىنىڭ كاپىتانى، «دونكان» نامىلىق كېمىدىكىلەر قۇتقۇزماقچى بولغان ئادەم. پەم - پاراسەتلىك، تەۋرەنمەس ئىرادىلىك، يۈكسەك غايىگە ۋە ئۈمىدۋارلىق روھىغا ئىگە قەھرىمان.

**مېرى:** كاپىتان گرانتىنىڭ قىزى، روبېرتنىڭ ئاچىسى، كېيىن كاپىتان جون مانگلىس بىلەن توي قىلىدۇ.

روبېرت: كاپىتان گرانتىنىڭ ئوغلى، «دونكان» نامىلىق پاراخوتتىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن بىرى. ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر بالا، ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى داۋامىدا يېتىشىپ چىققان كىچىك قەھرىمان، كېيىن ماھىر ماتروس بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

**جون. مانگلىس:** «دونكان» نامىلىق پاراخوتنىڭ كاپىتانى، ياش، ئەقىللىق، مول تەجرىبىلىك، قەيسەر ئىرادىلىك ماتروس.

**توم ئوستىن:** «دونكان» نامىلىق پاراخوتنىڭ ياردەمچى كاپىتانى، ئىشەنچلىك، ئېغىر - بېسىق، پىشقەدەم ماتروس.

**جاك پاگانېل:** فرانسىيىلىك ئاتاقلىق جۇغراپىيە ئالىمى، بىپەرۋاراق ئادەملەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ نۇرغۇن كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلغان، لېكىن ھالقىلىق پەيتتە زور رول ئوينىغان.

**تالكاۋ:** پاتاگونىيىلىك، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى يول باشلىغۇچىسى، جەسۇر، ئاق كۆڭۈل ئادەم.

**ئايرتون:** سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئاتامانى. ئىلگىرى «برىتانىيە» ناملىق كېمىنىڭ بوتىسمانى بولغان، مۇغەمبەر، خەتەرلىك ئادەم.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

ۋېرن پۈتۈن ئۆمرىدە 80 رومان يازغان، يەنە «فرانسىيە جۇغراپىيىسى»، «ئۇلۇغ ساياھەتچى ۋە ئۇلۇغ ساياھەت تارىخى»، «گولومبۇسنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق بىرقانچە پارچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. بۇ ئەسەرلەر مول تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئاپتورنىڭ جۇغراپىيىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەم جۇغراپىيە بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكى، بولۇپمۇ دېڭىز - ئوكيان ھەققىدە مول بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئەكس

ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ۋېرننىڭ بالىلىق دەۋرى فرانسىيە-دىكى مۇھىم بىر پورت شەھەر نانتتا ئۆتكەن، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، فېدو ئارىلىنىڭ دېڭىز ساھىلى ۋە پرىستانلىرىدا ئۆتكەن، فېدو ئارىلى كۆلىدىكى بىر ئا-رال بولۇپ، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ مەۋج ئۇرۇشىنى، شۇنداقلا پورتتا لەڭگەر تاشلىغان يەلكەنلىك كېمىلەر-نىڭ ماچتىلىرىنى ۋە فوس پورتىدىكى ئالدىراش مەن-زىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ۋېرننىڭ دېڭىزغا بولغان بىر ئۆمۈر ئىنتىلىشى ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىنلا باش-لانغان. باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپنى تامام-لىغىچە، ۋېرن جۇغراپىيە دەرسىدە نۇرغۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. كېيىن، ۋېرن پارىژدا ئوقۇۋاتقان ۋە تىياتىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بىر مۇھىم شەخس —جاك ئاراگو بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئاراگو ياشىنىپ قالغان ئېكسپېدىتسىيەچى بولۇپ، ئۆمرىدە نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئاراگونىڭ ئۆيىدە ئۇ دائىم دېگۈدەك بىر قىسىم ئېكسپېدىت-سىيەچى، جۇغراپىيەشۇناس، ئالىملار ۋە چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر خىل تېمى-لاردىكى پاراڭلىرى ۋېرننىڭ جۇغراپىيە ئىلمىگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغايدۇ، شۇنداقلا بۇ قىزىقىش

بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى پەنلەرنى ئۆگىنىشكە بولغان ئىشتىياق پەيدا قىلىدۇ. ۋېرن بالا-غەتكە يەتكەندىن كېيىن، مۇكەممەل بىر ساياھەتچىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ ھەتتا ئارقا ـ ئارقىدىن كېمىدىن ئۈچنى سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك سەپەر قىلىش ئارزۇ-سىنى قاندۇرىدۇ. ساياھەت جەريانىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغان-لىرى بولسا، ئۇنىڭ ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەر ئىجا-دىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە بېيىتىپ، جۇغرا-پىيە جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە رېئال تۇرمۇشتىكى تەۋەككۈلچىلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالىدۇ، «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» دەل مۇشۇ خىلدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ روماندا ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئاتىسىنى ئىزدەش ئاساسىي تېما قىلىنغان. يەنى روبېرتنىڭ باشپاناھى گىلېنارۋاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى ئىزدەش جەريانى بايان قىلىنغان. ئۇ، ئاتىسىنى ئىزدەش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. بۇ ھەقتە ۋېرن بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى پىيېر ۋېرننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ۋېرننىڭ ئاتىسى پىيېر ئۆز نېسىۋىسىگە قانائەت قىلىدىغان گۇ-ۋاھچى، ئۇ ئەنئەنىۋى قائىدە ۋە مەلۇم ئىجتىمائىي تەبىقە

كۆز ـ قارىشىنى ساقلاپ قالغان، لېكىن ئۇ ئىنتايىن كەڭ قورساق ھەم ئەقىللىق ئاتا. ۋېرن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىدا ئىشلىمەي، يېزىقچىلىقنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپى قىلىپ تاللىغان بولسىمۇ، پيېر يەنىلا ئوغلىغا كەڭ قورساقلىق قىلغان ھەم ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا زور كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئىشىنىشتەك بىر خىل يېقىنلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغان، بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان خەتلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئوغلى ئاتىسىغا خەتنى مۇتلەق ئەركىن ھالدا يازاتتى، سىرتنىڭ ھېچقانداق ئەدەپ ـ قائىدە تۈزۈمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى.

ناھايىتى روشەنكى، بۇ رومانىنىڭ ئاساسىي تېمىسى سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ھاياتلىق پىلانىدىن ئىبارەت. كىشىلەر چوقۇم ياشاشنى مەقسەت قىلغان پىلانغا ئىگە بولۇشى ۋە بۇ پىلاننى تاماملاپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، بىۋاستە ئاڭ ئۇنىڭغا مەنىۋى رىغبەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ۋاستىسى ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك تولۇق روھىي كۈچ بولۇشى لازىم. ئەلۋەتتە،

بەزى پېشانىگە پۈتۈلگەن ئىشلار يۈز بېرىشىمۇ مۇم-
كىن. لېكىن، ئىنسانلار تەڭرىنىڭ قورالى، شۇنداق
بولغاندا، پاگانېلنىڭ سىر كىلېنارۋاننىڭ خانىمى
ئېلېنغا بەرگەن ۋەدىسى ئىشقا ئاشىدۇ. ئېلېن پاگانېلغا:
«تەڭرىم بىزگە رەھىم قىلغاي!» دېگەن. بۇ جۇغراپىيە
ئالىمى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «پەرۋەردىگار بىزگە چو-
قۇم ياردەم قىلىدۇ، خانىم، سىز ئىشىنىڭ، چۈنكى بىز
ئۆزئارا ھەمكارلىشىمىز.» دېگەن.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjY1MTIuemlw",
"filename_decoded": "40326512.zip",
"filesize": 16309326,
"md5": "54666e5cac95858265fcde06e917bb5d",
"header_md5": "97315236968b16626148f5ae52456a7d",
"sha1": "3f13b712e05206833cb65fb8bdda4543eafecd8e",
"sha256": "0f2fb70ffb6fbc92f6f2d96588ea34e64c5b1ab5a53fc899f1ab5518603c54a8",
"crc32": 1036393085,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 16942980,
"pdg_dir_name": "\u2555\u00b1\u2514\u255d\u2560\u256a\u2524\u00bc\u2502\u00f1\u2561\u2500\u2562\u2219\u253c\u00ab\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326512",
"pdg_main_pages_found": 200,
"pdg_main_pages_max": 200,
"total_pages": 209,
"total_pixels": 567168320,
"pdf_generation_missing_pages": false
}